# سەھرادىكى پاچىئەلىك نىكاھ.

ئابدۇراخمان مۇھەممەد تۈركي

## (رومان)

جاراڭلىق ئۇرۇلغان چاۋاك سادالىرى ۋە گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلىگەن ئالقىش سادالىرى ۋە ئالىلقانىداق بىر كىشىلەرنىڭ >»بارىكاللا ئوغلۇم ياشاپ كەت <«دەپ چىن دىلىدىن ئۇ ياشنىڭ قىلغان ئىشىدىن رازى بولۇپ، تىلىگەن ئۇلۇغۋار تىلەكلىرى ئالدىدا ئابدۇللانىڭ قەلبى چەكسىز ھاياجان، خۇشاللىق ۋە ئىيتىپ تۈگەتكۈسىز شاتلىققا تولدى. چۈنكى ئۇ بۈگۈنكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بىرىش پائالىيتىدە ئۆزىنىڭ كىندىك قىنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچىسىنى ئالى مەكتەپتىن قايتقۇچە بارلىق چىقىمىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى ھەم ئاشۇ نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىدىن ھەر قايسى جەھەتلەردىن قولىدىن كىلىشىچە ياردىمىنى ئايىماي قىلىدىغان سخيلىقى ئۇنى مۇشۇ خىل ھىسسياتقا كەلتۇردى، ئۇ شۇ شاتلىق ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەم ئاتا ـ ئانا، يۇرت خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان رەھمەت دۇئالىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بارلىق ۋۇجۇدىنى شۇ خۇشاللىق، شادلىق چىرمىۋالغان ئىدى، ئابدۇللا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قانداق كىلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى، پەقەت تۇيۇقسىز بىر جۈپ قولنىڭ ئۆزىنىڭ كۆزىنى>>» پاختىمۇ ـ سۆزگۈچمۇ «<<دەپ قىلغان تۇتۇۋالغان ئوماققىنە چاقچىقى بىلەن ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۆيىچە كەلگەنلىكىنى سەزدى، بۇ بىر جۈپ قول ئۇنىڭ مېھرىبان سىڭلىسى سەنۇبەرنىڭ قولى بولۇپ، ئۇ بۇ قولنى خىلى ئوبدان تونۇيتى، چۈنكى بۇ بىر جۈپ قول ئابدۇللا ئوكۇسسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۇنىڭ كىر ـ قىتى ھەم تامىقىنى ئىتىش ئۈچۈن تالاي ـ تالاي جاپالارنى تارتقان ئىدى .

ـ بولدى قىل سىڭلىم قويۇۋەت ـ دىدى ئابدۇللا سىڭلىسىغا ھىچ جاۋاپسىزلا .

ـ پاختىمۇ ـ سۆزگۈچمۇ؟ ـ دىدى سىڭلىسى پىسسىڭىدە كۈلۈپ تەكرارلاپ تۇرۇپ .

ـ ھۇ شەيتان، پاختا ـ ئابدۇللانىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقىشى بىلەن سەنۇبەر ئابدۇللانىڭ كۆزىنى خىلى ئاغرىغۇدەك دەرىجىدە سۈرۈپ قويۇۋەتتى .

ـ نىمە قىلغىنىڭ بۇ، مەن پاختا دىسەممۇ يەڭگىل سۈرمەمسەن ـ دىدى ئابدۇللا خاپا بولغاندەك ئاھاڭدا .

ـ ئاكا مەن ساڭا يەنە بىر قىتىم چاقچاق قىلىپ قويدۇم، بۇ سىڭلىمنىڭ مەندىن رازى بولغىنىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، مىنى مەڭگۈ ئىسىڭدە تۇتارسەن ؛ـ شۇنىڭ بىلەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككەيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە بىر ـ بىرىگە بولغان قىرىنداشلىق مۇھەببىتى يەنە بىر قىتىم چىڭىغاندەك، يەنە بىر مۇستەھكەملەنگەندەك ھىسسياتلارغا كىلىپ قىلىشتى، شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ كۆلكىسىنى ئىشىك قوڭغىرىقىنىڭ «تىرىت ـ تىرىت» قىلىپ سايرىغان ئاۋازى بۆلۈۋەتتى، سەنۇبەر بىرىپ ئىشىكنى ئىچىپلا ئىشىكتىن كىرگەن قىز بىلەن قۇچاقلىشىپ سالام ساھەت قىلىشتى ۋە ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى، بۇ ۋاقىتتا ئابدۇللا ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئامرىكا يازغۇچىسى ئوگ. ماندىنونىڭ>>» دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى «<<دىگەن كىتابىنى كۆرمەكچى بولۇپ تەمشەلگەندى، ئۆيىگە سىڭلىسىنىڭ بىر قىزنى باشلاپ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئۇ قىز بىلەن ئاددىيلا سالاملاشقاندىن كىيىن ياندىكى ئۆيىگە چىقىپ كەتتى، بۇ قىز سەنۇبەرنىڭ دوستى مەريەم بولۇپ، ئادەتتە سەنۇبەر بىلەن مەريەمنىڭ ئۆيى ئىككى كوچىلىق يول بولغاچقا مەريەم بۇ ئۆيىگە ئانچە كەلمەيتتى، بۈگۈن سەنۇبەرنىڭ ئۆيىگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا مۇشۇ كەنتنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقان ھەدىسىنى يوقلايمەن دەپ كىرىپ مۇراسىمدا ئابدۇللانى كۆرگەن ھەم بۇ ساخاۋەتلىك ئىنسانىنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەندى .

مەريەم بۇ ساخاۋەتلىك ئىنسانىنى سەنۇبەر بىلەن بىرگە كۆرۈپ ھەيران بولدى، شۇنىڭ ھەيران، كىشى نىمە سەۋەپتىن بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ئۇ ئابدۇللانى بۇ ئۆيدە ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان،

ـ ئاداش سەنۇبەر، بۇ چىقىپ كەتكەن يىگىت كىم بولىدۇ ـ دىدى مەريەم سالام ساھەتتىن كىيىن ـ سەنۇبەر يەنە شۇ ئىللىق بىر سىزىمدا پىسسىڭىدە بىرنى كۈلۈپ؛

ـ قارا ئاداش بۇ يىگىت بولسا مىنىڭ جان ـ جىگەر قىرىندىشىم، مېھرىبان ئاكام ئابدۇللا بولىدۇ؛ ـ دىدى، ئىككىسى ئابدۇللا توغرىسىدا بىردەم پاراڭلاشقاندىن كىيىن سەنۇبەر مەريەمگە ئاكىسىنىڭ كەچۈرمىشىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بىرىشكە باشلىدى .

ئابدۇللا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ناھايىتىمۇ تىرىشچان، ئەقىللىق، دەرىسلەردە ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپ، ھەر يىلى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمدا»<< ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» «>><<ئەلاچى ئوقۇغۇچى»>> <<ئىلغار سىنىپ كادىرى>> <<ئىلغار ئىتتىپاق ئەزاسى <<قاتارلىق بىر قانچە شەرەپلىك ناملارغا ئىرىشىپ مۇكاپات ئالاتتى .

ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا خىلىلا ھەۋەس قىلاتتى، ئۇ مۇشۇلارغا ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچى ئۇستازلىرىنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن تىرىشىپ ئوقۇدى، مەكتەپتە دەرىستىن سىرت كىتاپ كۆرگەنىدىن باشقا ھەتتا كىچىلىرى تۈن نىسپىغىچە دەرس تەكرارلىدى، توك ئۆچۈپ كەتسە شام يورىقىدا كىتاپ كۆردى، تاپشۇرۇق ئىشلىدى، ئەتىسى ئۆتۈلىدىغان دەرىسلەرنى ئالدىن بىر قاتار كۆرۈپ چىقتى، ھەتتا كۈندۈزى مەكتەپتە دەم ئىلىش ۋاقتىنى قولىدىن بەرمىگەنى ئاز دەپ مەكتەپ كوللىكتىۋى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن كۆڭۈل ئىچىش پائالىيەتلىرىگىمۇ قاتناشماي دەرس تەكرارلىدى، شەنبە، يەكشەنبە دەم ئىلىش كۈنلىرىمۇ شۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغىنى يەنىلا بىر كىتاپ بىر مەشىق دەپتىرى، بىر قەلەم ۋە بىر ئۆچۈرگۈچ بولاتتى .

بەزى باللار تولۇقسىزدىلا بالدۇر بالاغەتكە يېتەمدۇ قانداق؟ مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چالا ـ پۇلا بىلىپلا بۇ لەززەتلىك ئازاپ يولىغا كىرىپ كېتەتتى، لېكىن ئابدۇللا مۇش جەھەتتىمۇ ئۇنداق باللارغا ئارىلاشماي ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. نەتىجىدە مەكتەپ تالLاش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ئالى مەكتەپكە ئىمتىھانغا تاللاندى، ئىمتىھانغا ئارانلا ئىككى ئاي قالدى، ئۇ مۇشۇ ۋاقىتنى سەللا بىكار ئۆتكۈزۈۋەتسە بولمايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىپ تېخىمۇ تىرىشىپ ئوقۇدى، ئۇ مۇشۇ بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە دەرسلەرنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاپ بولدى. چۈشىنەلمىگەن جايلارغا بەلگە سېلىپ ئوقۇتقۇچىلاردىن قايتا ـ قايتا سوراش ئارقىلىق تولۇق بىلگەنگە قەدەر تەكرارلىدى .شۇنداق قىلىپ ئىمتىھان باشلاندى، ئۇ ھەر قايسى پەنلەردىن چىقىرىلغان ئىمتىھان سوئاللىرىغا ئەستايىدىل جاۋاپ يازدى، ئۇ ئىمتىھاننى ھەققەتەن ياخشى بەردى، ئىمتىھانمۇ تۈگىدى، ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بەكمۇ خۇشال ئىدى، ئەمدى ئۇ سالامەتلىك تەكشۈرتىشتىن سالامەت ئۆتسىلا ئۇنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان تىببىي ئۇنىۋىرسىتتا ئوقۇشىدا گەپ يوق ئىدى، ئەپسۇس سالامەتلىك تەكشۈرتىشكە ئۈچ كۈنلا قالغاندا تۇيۇقسىز ئابدۇللا ئۆزىنىڭ كۆزىنىڭ تەدرىجى غۇۋالىشىۋاتقىنىنى سەزدى، دەسلىپىدە كەچ كىرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى، كېيىن ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئۆيدە تېخى چىراق ياقمىغىنىنى ھېس قىلىپ كۆزىدىن گۇمانلاندى، ئۇ كەچتە بالدۇر يېتىۋالدى، ئاتا ـ ئانىسىمۇ نېمە بولغىنىنى بىلمەي قالدى، ئابدۇللا كېچىدە پەقەتلا ئۇخلىمىدى، ئۇ ئويلىدىكى: ئەگەر كۆزىدىن راستىنلا چاتاق چىققان بولسا ئۇنىڭ كەلگۈسى تۈگىشەتتى، كېچىدە ئۇ يىغلىدى، ئويلاندى، كەلگۈسى ھەققىدە ئىچىندى، لېكىن ..................

ئەتىسى تاڭ ئاتتى، خوراز چىللىدى، ئابدۇللا خورازنىڭ چىللىغىنىدىن تاڭ يورىغىنىنى ھېس قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا بەك غۇۋا، بىر چاغدا ئابدۇللانىڭ قېشىغا ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇراخمان ئاكا كىرىپ كەلدى .

ـ بالام ئابدۇللا، تاڭ يورىغىلى نەۋاخ بولدى، ئورنۇڭدىن تۇر، ئىمتىھانىڭمۇ تۈگىدى، ئەمدى بولسىمۇ بىر ئىككى كۈن خۇشال ـ خۇرام ئوينىۋال ـ دېدى ئابدۇللاغا .

ـ دادا ... مەن... ـ دېدى ئابدۇللا باشقا گەپ قىلماي سۆز قىلمايلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ .

ئابدۇراخمان ئاكا ئوغلىغا نېمە بولغىنىنى بىلمەي .

ـ ئوغلۇم يىغلىما، ئوغۇل بالا دېگەن يىغلىمايدۇ، نېمە بولسا ماڭا دە، مەن ئامالىنى قىلىمەن ئوغلۇم ـ دەپ ئۇنى باغرىغا باستى، ئابدۇللا خېلى ئۇزۇن يىغلىغاندىن كېيىن دادىسىغا قاراپ .

ـ دادا ـ جېنىم دادا، مەن ئېنىق كۆرەلمەيۋاتىمەن، ئاخشامدىن بېرى كۆز ئالدىمدا بىر قارا پەردا باردەكلا ـ دېدى دە يەنە يىغلاپ كەتتى .

ـ بولدى يىغلىما ئوغلۇم، مەن سېنى ھازىرلا دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقاي بولدى يىغلىما ـ دېدى ئوغلىنى بەزلەۋاتقان ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئۇنىڭ مەڭزىدىن بويلاپ ئاقارغان ساقىلىغا كەلگەندە يوقاپ كەتتى، بۇ ياش ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ كۆزىدىن ئەمەس يۈرىكىدىن چىققان ئىدى، بىر ئاتا ئۆز پەرزەنتىنىڭ كىچىك تۇرۇپ كۆرەلمەسلىكىنى ئاڭلاشتىنمۇ ئېغىر زەربە بارمۇ، ئۇ كۆڭلىدە ئوغلىنىڭ ئامانلىقىنى تىلىدى .

ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ بەش ئەزا بۆلۈمىگە ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى ئابدۇللانى بىرگە ئېلىپ كىرىپ كەلدى .

دوختۇر بىر قاتار تەكشۈرۈشلەرنى قىلغاندىن كېيىن ئابدۇراخمان ئاكىنى سىرتتىقا تۇۋلاپ ئۇنى ياندىكى ئىشخانىغا كىرىدى دە كايىپ كەتتى .

ـ مۇشۇ ۋاقىتقىچىمۇ بالىنى دوختۇرغا ئەكەلمىگەنلىرى نېمىسى، بالىنىڭ كۆزى بۇندىن كېيىن بەلكىم كۆرەلمەس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سىلى پەرزەنتلىرىنى تېزدىن چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قايتا تەكشۈرتۈپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرسىلا، ئوغۇللىرى «كۆز پەردىسى يىرتىلىش» كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ، بىزمۇ ئېنىق دىئاگنوز قويالمىدۇق، ئىشقىلىپ بۇرۇن ھەركەتكە كەلسە ـــ دوختۇرنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇنىڭ قەلبى چەكسىز ئازاپ دېڭىزىغا توشۇپ كەتكەنىدى، مۇشۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىڭ كەلگۈسى تۈگىشەرمۇ؟

شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە قاتنىشالمىدى، سالامەتلىك تەكشۈرگەن كۈنى ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئەزىز يۈرتىدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن خۇشال چوڭ شەھەرگە داۋالىنىشقا ماڭغان كۈنگە توغرا كەلدى .

ئابدۇراخمان ئاكا ئوغلىنىڭ كۆڭلىنىڭ تېخىمۇ بىئارام بولماسلىقى ھەم قەلبىنىڭ چوڭقۇر ھەسرەتكە تولماسلىقىنى ئويلاپ ئابدۇللانىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈلۈپ تۇرۇپ ئابدۇللانى گەپكە سالغان بولسىمۇ دادا ـ بالا ھەر ئىككىلىسىنىڭ قەلبى قايغۇ، چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن تولغانىدى، ئەمدى ئابدۇللاغا بۇندا پۇرسەتنىڭ كېلىش تەس ئىدى، شۇڭا ھەر ئىككىيلەن نېما قىلارىنى بىلەلمىدى، ئۇلار پەقەت بېشىغا كەلگەن بۇ كۆلپەتلەرنى تەقدىرنىڭ بىر قىتىملىق ئويۇنى دەپ تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامالى بولمىدى .

شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى، ئۇنىڭدىن تۆۋەن نومۇر ئالغان بىر نەچچە ساۋاقدىشىغا چاقىرىق قەغىزى كەلگەن بولسىمۇ لېكىن ئابدۇللاغا كەلمىدى .

ئوغلى ئابدۇللاغا قاراپ ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ يۈرىكىنى بىر نەرسە تىلغاندەك، پۈتۈن ئەزالىرىنى كېسىپ تاشلىۋاتقاندەك ئېيتقۇسىز دەرىجىدە قاتتىق ئازاپلاندى، ئابدۇللا كىچىكىدىن باشلاپلا بىر نەرسىگە ئاسانلا قىزىقمايدىغان لېكىن قىزىقىپلا قالسا ھەر قانچە

ئوڭۇسسىزلىقتا ئۈچىرسىمۇ پىسەنىت قىلمايدىغان بالا ئىدى، ئۇ «ئوتتەك قىزىرىپ، مۇزدەك سوۋۇيدىغان» ئالدىراڭغۇ، لۆم - لۆم مىجەز، هورۇن تەييار تاپالاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ئوقۇشقا بەكمۇ قىزىقاتتى، شۇڭا هەر قانچە هىرىپ - چارچىسىمۇ بەرداشلىق بىرىپ ئۆگىنىشنى تەكرار قىلىپ كەلگەن، هالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە رەهىمسىز رىئاللىق ئابدۇللانىڭ قەلبىگە ئۆچمەس ئەلەملەرنى قالدۇرۇدى، ئەنە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بىر - بىرلەپ ئالى مەكتەپ ئوتتۇرا تىخنىكوم مەكتەپلىرىگە ماڭدى، لىكىن ئابدۇللا بولسا كىسەل كارۋىتىدا ئۇنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغاندى، يەنىلا ئەلەم هەسرىتى بولۇپ چىققان .

ئابدۇللانىڭ كۆزلىرى نەملەندى، ئۇنىڭ كۆزىدىن تامچە - تامچە ياشلار مەڭزىنى بويلاپ ئىقىپ چۈشتى، بۇ ياش يەنىلا ئۇنىڭ كۆزىدىن ئەمەس يۈرىكىدىن قەلبىدىن چىقىۋاتاتتى، ئىنسانىنىڭ ئىچكى هىسسياتى كۆپىنچە هاللاردا تاشقى ئەزالارنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ، دىل ئابدۇللانىڭ قەلبى بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ نۇرسىز هالەتتىكى ئەتە - ئۆگۈنىنىڭ ئىچىدە نۇرلىرى پۈتۈنلەي ئۆچۈپ ئابدۇللانى قاراڭغۇلۇقتا مەهكۇم قىلماقچى بولغان ئاشۇ ئىككى «جىنايەتچى» بىلەن بولىۋاتاتتى، بۇ ئىككى» جىنايەتچى» ئابدۇللانى زاڭلىق قىلغاندەك زار - زار يىغلايتتى .

يۈرەك پارىسى بولغان ئەزىز ئوغلىنىڭ كىسەل كارۋىتى ئۈستىدە كۈنسىرى ئۆن - تىنىسىز يىغلاپ يۈرگىنىنى كۆرگەن ئابدۇراخمان ئاكا ئاخىرى ئوغلىغا تەسەللى بىرىپ :

- ئوغلۇم بولدى قىل، ئاۋۋال كۆزۈڭنى داۋالتايلى، سەن باشقا ئىشلارنى ئويلىماي خاتىرجەم داۋالانغىن، سەن ساقايغاندىن كىيىن مەن سىنى يەنە قايتا ئوقۇتىمەن، بۇ يىل ئوقۇشتىن قالغان بولساڭ كىلەر يىلى ئىمتىهان بەرسەڭ بولىدىغۇ؟ ئەڭ مۇهىمى سالامەتلىك، تەن ساقلىق زور بايلىق دىگەن گەپ بارغۇ؟ سەن بۇنداق تۈگىشىپ كەتسەڭ بىزمۇ چىداپ تۇرالمايدىكەنمىز - دىدى يۈرەك پارىسىنى باغرىغا باسقان هالدا يىغلاپ كەتتى، ئۇمۇ خۇددى كىچىك بالىدەك ئوغلىغا قاراپ چىداپ تۇرالمىغاندى .

ئابدۇللا بىر مەزگىل دوختۇرخانىدا داۋالانغاندىن كىيىن ئۆز يۇرتى، ئۆز مەهەللىسىگە قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى بىر ئاز ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، لىكىن يەنىلا تولۇق ساقىيىپ كىتەلمىگەنىدى، ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقار ۋاقتىدا سىمىز كەلگەن پور كۆتەك دوختۇر بوم ئاۋازى بىلەن ئابدۇللاغا ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇراخمان ئاكىغا :

- سىلەر چىققاندىن كىيىن ئابدۇللا ياخشى دەم ئالسۇن، ئىغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشكە، يەرگە تولا ئىڭىششكە، بولمايدۇ، ئۇزاق ۋاقىت تىلىۋىزۇر، كومپيۇتىر دىگەندەك نەرسىلەرگە تىكىلىپ قارىسا كۆز پەردىسى پۈتۈنلەي يىرتىلىپ كىتىش ئىهتىماللىقى بار، بۇ چاغدا هەر قانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى يوق، كۆزى بىر ئۆمۈر كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئالاهىدە دىققەت قىلىڭلار - دەپ قايتا - قايتا تاپىلاپ قويدى، ئابدۇللا دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كىيىن دىهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا توغرا كەلدى، بىز يۇقىردا دىگەندەك ئۇ بىر نەرسىگە قىزىقىپ قالسىمۇ بولدى قىلمەن دىگىنىنى قىلماي قويمايتى، شۇنىڭغا ئوخشاش قىلمايمەن دىگىنىنى باشقىلار هەر قانچە زورلىسىمۇ قىلمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇققان، دوس بۇرادەر، ساۋاقداش، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قايتا - قايتا نەسىهەت قىلىپ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇشقا بەرگەن تەكلىپلىرىمۇ جاۋاپسىزلا قالدى، قىسقىسى ئۇ ئوقۇشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەنىدى، ئارىدىن ئىككى يىل ۋاقىت ئۆتتى، ئابدۇللا بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ كۆزىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىتىز - ئىرىق ئىشلىرىغا كۆڭۈلدىكىدەك ياردەملىشەلمىدى، ئۇنىڭ قىلىنغى پەقەت ئۇششاق چۈششەك ئىشلار بولۇپ قالدى، ئەگەر ئۇ ئىغىرراق ئىشلارنى قىلسا بىر نەچچە كۈن كۆزى چىڭقىلىپ ئاغرىپ تولىمۇ بىئارام قىلاتتى، ئىككى يىل شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى .

ئاجايىپ ئىش، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، هازىرقى چاغلار 90 - يىللارنىڭ ئاخىرى شۇنداقلا خىلىلا تەرەققى قىلغان جەمئىيەت بولۇپ، بۇ جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ نىكاه ئىشلىرى ئەكىنلىك بولۇپ قالغاندى، كىشىلەر ئۆز جۈپتىنى ئۆزلىرى تاللاپ، تىپىشىپ توي قىلاتتى، مۇشۇنداق ياخشى دەۋىردىمۇ يەنە بەزى بىر يىزىلار ئىلگىركى فىئودالىزىم جەمئىيىتىنىڭ قالاق ئىدىيىسىدىن تىخى قۇتۇلۇپ بولالماي ئۆزىگە يۈك تىپىشاتتى، ئابدۇللا ئەنە شۇنداق بىر يىزىدا چوڭ بولۇپ قالغاندى، بىر كۈنى ئاخشىمى ئابدۇللانىڭ دادىسى ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئاپىسى ئالىيە هەدە ياتقان يىرىدە مۇنداق مەسلىهەتلەشتى :

- دادىسى: - دىدى ئالىيە هەدە چالا مۈگدەپ قالغان ئابدۇراخمان ئاكىنى نوقۇپ تۇرۇپ: - هوي دادىسى، كۆزلىرىنى ئاچسىلا، سىلى بىلەن مەسلىهەتلىشىدىغان مۇهىم بىر ئىش بار: - دىدى،

- هە نىمە ئىش ئىدى، ئەتە سەهەردە دىسلىمۇ ئۆلگۈرىلىغۇ ئادەمنى ئۇرام خۇدا دەم ئالغىلى قويماي - دىدى ئابدۇراخمان ئاكا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەسنىگەن هالەتتە.

- هەي دادىسى، بۇ ئەتە دىيىشىدىغان گەپ ئەمەس، هازىر ئىككىمىز يالغۇز يەردە مەسلىهەت قىلىشۋالايلى، ئوغلىمىز ئابدۇللانى دەيمەن، ئۇ هازىر بالاغەتكە يىتىپ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇشلەرنىڭ بەزىلىرى بىرەردىن بالىسىمۇ بولۇپ بولدى دەڭلار، شۇڭا ئوغلىمىز ئابدۇللانى بىر ئۆيلەپ قويايلىمىكىن دەيمەن، ئىككىمىزنىڭ بارىدا ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇپ قالسا هىچ گەپ ئەمەس، بىزنىڭمۇ بىردىن پۈتمىز گۆرگە ساڭگىلىدى :

ئالىيە هەدە شۇنداق دىگەندە كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى دە يەنە ئۆلاپلا :

- بىزنىڭ شۇ بىر تاللا ئەتىۋارلىق ئوغلىمىز بار، قالغان بالىلار قىز، ئۇلار تىخى كىچىك ئوقۇۋاتىدۇ، ئابدۇللا بولسا هازىر خىلى چوڭ يىگىتلەردىن بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ غىمىنى بىز قىلمىساق كىم قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى بىر ياقلىق بولسا ئۆلسەممۇ يىنىم يەرگە تىگەتتى: —

ئالىيە ھەدە شۇنداق دەپ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلار ئىقىپ ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ ئۈيىقۇسىنى قاچۇردى ھەم ئۇنىمۇ ئويغا سالدى، ئابدۇراخمان ئاكا بىردەم ئويلانغاندىن كىيىن :

ـ توغرا دەيدىلا ئانىسى مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان ئوغلىمىز ئىمتىھاندىن قالغاندىن كىيىن بۇ ئىككى يىل جەرياندا زادىلا ئىچىلىپ ـ يىيىلىپ باقمىدى ھەم ئۇنىڭ كۆزىمۇ ساقىيىپ كىتەلمىدى، شۇڭا ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى تازىمۇ يىرىم، بۇ ۋاقىتتا ئۆيلىنىشنىڭ گىپىنى قىلساق ئۇ تازا چىچاڭشىپ پۈتنى تاڭمىغان تەخەدەك سەكرەپ ساراڭلىق قىلسا قانداق قىلىمىز، شۇڭا تازا ئويلىنىپ پەيتىنى كەلتۈرۈپ دەيلىمىكىن ـ دىدى.

ـ شۇنداق، لىكىن ئوغلىمىز بىز نىمە دىسەك شۇنى ئاڭلايدىغان ئىنتايىن قۇلىقى يۇمشاق ياخشى بالا، ئۇ بىزنىڭ خاپا بولىدىغىنىمىزنى كۆرسە ھەرگىزمۇ بىزنى نارازى قىلمايدۇ ھەم بىزمۇ ئۇنىڭغا ياخشى بولسۇن دەيمىز ئەمەسمۇ؟ بولدى مەن ئەتە ئۇنىڭغا ئۆزۈم دەي، ئاڭغىچە ئىككىمىز ياخشىراق بىرنىڭ قىزىنى تاپايلى.

ـ ئىككەيلەن شۇنداق پاراڭ سالغاچ قىلغاچ شىرىن ئۈيقۇغا كەتتى.

ئابدۇللانىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىز ئازكونىلىقنىڭ يەنى فىئودالىزىم جەمئىيىتىنىڭ ئاشۇ بىر ئازقالاق يىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۋالغىنىنى ھىساپقا ئالمىغاندا مىھرىبان، كۆيۈمچان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار ئابدۇللانىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىتنى ئاجراتقان ھەم تالاي كىچىلەرنى ئۈيقۇسىز ھالەتتە ئۆتكۈزگەنىدى، ئۇلار ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى خوش بولىدىغانلا يىرى بولسا ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىدى، ئىشقىلىپ ئۇلار ئۇلگىلىك ئاتا ـ ئانىلاردىن ئىدى، ئابدۇللا بولسا ئۆزى ئويۇنغا ئامراق لىكىن كەمسۆز، تىرىشچان بىر بالا بولۇپ، ئۇمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە ئامراقلىقىنى بىلگەچكە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەر قانداق تەلىپىنى ئورۇنداشقا تەييار ئىدى، ئاتا ـ بالا ۋە ئالىيە ھەدىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىنسان بىر ـ بىرىنىڭ كىپىنى زادىلا يىرىماي، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىشىپ ئۆتتۇشەتتى، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭمۇ مەسلىكى كىلەتتى، ئاتا بىلەن ئانا دەل مانا مۇشۇ مىھرى ـ مۇھەببەتتىن، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوغلى قوشۇلمىسا ئۇنى مۇشۇ ئىغىر، يۇمشاق قۇرال بىلەن بوي سۇندۇرماقچى بولدى، ئەتىسى ناشتىدىن كىيىن ئابدۇللا كۈنلۈك ئادىتى بويىچە ئەتتىگەندە ئىغىلدىكى پاقلانلارنى يايلاققا ئىلىپ چىقىپ باقماقچى بولۇپ مىڭىشقا تەمشەلگەندە ئالىيە ھەدە ئۇنىڭغا قاراپ :

ـ ئوغلۇم بۈگۈن قويلارنى باققىلى بارما، سەن بىلەن مەسلىھەت قىلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى ـ دەپ ئۇنى يايلاققا چىقىشتىن توسدى، ئالىيە ھەدە چىنە قاچا، داستىخانلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كىيىن ئوغلىنى باراڭدىكى سۇپا ئۈستىگە سىلىنغان كۆرپىگە باشلاپ :

ـ ئوغلۇم ساڭا بىر گەپنى دىمەكچى بولۇپ، تۇراتتۇق، داداڭ ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ سىنى چوڭ بولۇپ قالدى، ئۆيلەپ قويايلىمىكىن دىگەنىدۇق ـ دەپ گەپ باشلىدى .

ئابدۇللا ئانىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ نىمە دىيىشنى بىلەلمەيلا تۇرۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ تىخى توي قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى ھەم ئۇنىڭ ھازىر تىخى توي قىلىش ئارزۇسىمۇ يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ جىق ئويلانمايلا ئانىسىغا :

ـ ئانا سىلەرنىڭ مىنى ئويلىغىنىڭلارغا رەھمەت، مەن ھازىر بۇ مەسلىنى ئويلىشىپ باقمىدىم، كىيىنچە بىر گەپ بولار، ـ ئۇ شۇنداق دىگىنىچە ئالدى كەتنىگە قارىماي ئۆيدىن تالاغا قاراپ ماڭدى، ئۇ ئانىسىنىڭ قايتا ـ قايتا چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ لىكىن ئاڭلىمىغان كىشى بولۇپ چىقىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ يۈزىدىن قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇدۇللا مەھەللىنىڭ ئۇ چىتىدىكى ئۆستەڭ بويىغا بىرىپ سۇغا قاراپ ئولتۇرغىنىچە خىيال ئىچىگە غەرق بولدى، سۇدا ھەر خىل بىلىجانلار ۋە قومچاقلار ئەركىن ئازادە ھەركەت قىلىشاتتى، ئۇلار بىردەم ئوڭغا ئۈزسە بىردەم سولغا ئۈزەتتى، بىردەم ئۇدۇلغا ئۈزسە بىردەم قارشى ئۈزەتتى، ئىشقىلىپ ئۇلار ھايۋان بولسىمۇ ئۆزى ياشاشقا تىگىشلىك رايوندا ئۆزى خالىغان ئۆز رايى بويىچە ياشاۋاتاتتى، ئۇ شۇنداق ئويلىدى، نىمە ئۈچۈن ئىنسانلارمۇ مۇشۇ ئاددى ئەمما بەختلىك جانىۋارلاردەك ئۆزى خالىغانچە ئەركىن ئازادە راھەت ئىچىدە ئۆزى ئارزۇ قىلغان ماكان ئىچىدە ياشيالمايدۇ، ئۇلار ئىنسانغۇ نىمشقا ئاشۇ ئاددى جانىۋارلاردەكمۇ بولالمايدۇ، ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغاچ ئەگەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى يىرىسا ئۇلارنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچ ئۇنى مەجبۇرلىشى تۇرغانلا گەپ، ئەگەر ماقۇل دەي دىسە ھەي بۇنىڭ نىمە بولغىنى، مەن تىخى 19 ياشقا كىرگەن تۇرسام يەنە بىر نەچچە يىل توختاپ توي قىلسامىمۇ كىين بولۇپ قالمايتىغۇ؟ ئۇلار نىمىنى خىيال قىلىشقاندۇ؟ ئەجىبا كۆزۈمنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلىشمەمدىغاندۇ؟ مەن بىلەن توي قىلغان قىز كۆزۈمنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلسە مەن بىلەن ئىناق، خاتىرجەم ئۆتەرمۇ؟ دىگەنلەرنى ئويلىدى، بىر نەچچە كۈن مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى، ئالىيە ھەدە بۇ بىر نەچچە كۈن جەرياندا ئابدۇللانى ئوبدان ئويلىنىۋالسۇن دەپ ئۇنىڭغا ئىغىز ئاچمىدى، ئانىسىنىڭ قايتا گەپ قىلمىغىنىنى كۆرگەن ئابدۇللا خىيالىدا ئانام ھەر نىمە بولسا بۇ گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالدى دەپ ئۆز ـ ئۆزىنى بەزلەپ خاتىرجەم يۈردى، لىكىن ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى، ئالىيە ھەدە بىلەن ئابدۇراخمان ئاكا ئاللىقاچان قوشنا كەنتتىكى ئۆزلىرىگە بىر ئاز تونۇشقان كىلىدىغان بىر تۇققىنىنىڭكىگە بىرىپ ئۇلارنىڭ قىزىنى سوراپ ماقۇللىقىنى ئىلىپ كىلىپ بولغانىدى، ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كىيىن جىددى تويغا تەييارلىق قىلىشتى، بۇنىڭدىن ئابدۇللا تولىمۇ نارازى ھەم بىئارام بولۇپ ئاخىرى تاقەتسىزلىنىپ ئاتا ـ ئانىسىغا :

ـ سىلەر نىمشقا مىنىڭ خىيالىمنى بىلىپ باقمايسىلە، مىنىڭ ھازىر توي قىلغۇم يوق، مەن توي قىلمايمەن ـ دىدى قىزارغان ھالدا :

ـ نىمە، نىمە داۋاتىسەن بالام، بىز ئاللىقاچان توي كۈنىنى بىكىتىپ كەلدۇق، تويدىن ئىلگىرى قىز بىلەن يۈز كۆرۈشىسەن، شۇ ئارقىلىق

تويۇغلارنى قىلمىز، ـ دېدى ئابدۇراخمان ئاكا غەمسىز ھالەتتە ھويلىدىكى پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى قىلغاچ :
مەن ئۇ قىزنى تونۇمسام ھازىر توي قىلغۇم بولمىسا، مەن توي قىلمايمەن، توي قىلمايمەن، ـ دېدى ئابدۇللا كەسكىنلىك بىلەن.
ـ نىمە لىكىن پىكىن دىگەن، توي قىلسەن دىدىمغۇ، قىلمىساڭمۇ قىلسەن، قىلمايمەن دەيدىغانغا بۇ سىنىڭ تاللىشىڭ ئەمەس بىز تاللاپ بىرىمىز سەن توي قىلىشنى بىلسەڭلا بولدى، ئالىلقاچان توي كۈننى بىكىتىپ بولدۇق، سەن بىزنى نىمە قىلسۇن دەيسەن، بالا باققانغا تويغۇزامسەن نىمە ـ دەپ چالۋاقاپ ھويلىنى بىشىغا كەيگۈدەك ۋارقىراپ كەتتى ئابدۇراخمان ئاكا، ئۇ ئەزەلدىن ئوغلىغا بۇنداق چىچىلىپ باقمىغانىدى، شۇ تەرىقىدە ئۆيدە تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتقان ئالىيە ھەدە يۈگرەپ كەلدى دە :
ـ ۋاي ـ ۋۇي، نىمە بولدى سىلەرگە ئاتا ـ بالا بولغاندىكى چىرايلىق بىر نىمە دىيىشمەمسىلە، ھەربىر ـ دۈشمەن ئويۇنى ئوينايدىغانغا سىلەر كىچىك بالا ئەمەسقۇ، قارا ئوغلۇم سەنمۇ داداڭنى تىرىكتۇرمىسەڭ بىزمۇ ساڭا ياخشى بولسۇن دەپ شۇنداق قىلىۋاتىمىز، ـ دېدى ئالىيە ھەدە ئابدۇللانىڭ كۆز يىشنى سۈرتكەچ .
ئابدۇللا بۇ قىتىم دادىسىنىڭ بۇنداق قاتتىق ئاچچىقلانغىننى ھەم خاپا بولغىننى تۇنجى قىتىم كۆردى، ئۇ كۆڭلىدە دادام مەندىن راسلا خاپا بوپتۇ دە ـ ھەي مەن نىمە قىلسام بولار دەپ ئويلىنىپ قالدى، ھەر قانچە كاج ئىنسانىنىڭ يۈرىكى ھامان بىر پارچە گۆشتىن يارىتىلغان، ئىنسان ھەر قانچە جەۋرى جاپالارغا چىدىسىمۇ لىكىن روھى بىسىمغا، ھىسيات ئۇرىشىغا بەرداشلىق بىرەلمەيدۇ، بۇ ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ ئابدۇللانى بويسۇندۇرۇشتىكى بىر خىل ھىسيات تاكتىكىسى ئىدى، ئابدۇللا بۇ خىل ھىسيات تاكتىكىسى ئالدىدا ئاجىز كەلدى دە تەسلىم بولدى .
شۇنداق قىلىپ بىر يەكشەنبە كۈنى قىزنىڭ ئۆيدىكىلىرى ئابدۇللا تەرەپكە كەلدى، بۇ كۈن قىز ـ ئوغۇلنىڭ بىر ـ بىرىنى كۆرىدىغان، بىر ـ بىرىگە سۆزلىرىنى دىيىشىدىغان ھەم شۇ كۈنى دىنى قائىدە بويىچە نىكاھ ئوقۇتۇلىدىغان كۈن ئىدى، (بۇ شۇ يەرلىكلەرنىڭ قائىدىسى ئىدى.(
بۇ قىز بولسا ئۆزى كىلىشكەن، كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ، قاپقارا، بۇلاقتەك، يۈزلىرى سۈپسۈزۈك ئايدەك، بەللىرى بولسا ئىنچىكە مەجنۇنتالدەك، قاپقارا قاشلىرى ھىلال ئايدەك قارىغان ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئامراقلىقنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە قاملاشقان قىز بولۇپ، بۇ قىزمۇ تولۇقسىز ئوتتۇردىن پۈتتۈرگەندىن كىيىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن بىر يىل سەيپۇڭلۇقنى ئۈگەنگەن، ئەخلاق جەھەتتىمۇ خىللا قائىدە يوسۇنلۇق، چىۋەر ئەقىللىق بىر قىز ئىدى، بۇ قىز ئابدۇللادىن بىرە ياش ئەتراپىدا كىچىك بولۇپ، ئابدۇللادىن بىر سىنىپ تۆۋەن ئوقۇغان بولۇپ، ئىسمى گۆھەر ئىدى، ئۇلار ئىككىسى گەرچە ئىككى يىل مەكتەپداش بولۇپ ئوقۇغان بولسىمۇ گۆھەر ئابدۇللانى تونۇيتتى، چۈنكى ئابدۇللا مەكتەپتە مۇكاپات ئالغاندا گۆھەر ئۇنى كۆرگەنىدى، لىكىن ئابدۇللا بولسا گۆھەرنى ھىچلا ئىسىگە ئالالمىدى، گۆھەر ئابدۇللانى كۆرۈپ ھەيران قالدى، چۈنكى چۈنكى ئابدۇللا ئۇچرىغان ھىسيات تاكتىكىسىغا ھىسيات بىسىمغا ئۇمۇ ئۇچرىغان ئىدى، ئۇنىڭمۇ ھازىر توي قىلغۇسى يوق بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ فىئودال ئىدىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە مەجبۇرلىشى بىلەن ئابدۇللا بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە كەلگەنىدى .
بۈگۈن ئابدۇللانىڭ ئۆيدىكى مىھماندارچىلىق راستىنلا بەك قىززىپ كەتكەن بولۇپ، چوڭلار ھە دىسىلا تويىنىڭ گەپ سۆزلىرىنى قىلىشاتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىلانلىرىنىڭ تىزراق ئەمەلگە ئىششىنى ئۈمىد قىلىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ھىسياتلىرىنى ئويلاپمۇ باقمىدى، پەرزەنتلەر بولسا بۇ ھىسيات بىسىمى ئاستىدا ئازاپلىنىۋاتاتتى، ئۇلار نىمە قىلىشنى بىلمەيتتى، مۇشۇ ئارلىقتا ئابدۇللا ئۆيىنىڭ كەينىدىكى ئۈرۈكلۈك باغدا ئەمدىلا چىچەكلىگەن ئۈرۈك چىچەكلىرىگە قارىغىنچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئۆيدە ئولتۇرۇۋىرىپ چوڭلارنىڭ گىپى ئىچىدە بەكلا تارتىنىپ قالغان گۆھەر قىز ھاۋا يەپ كىرەي دەپ ئويلاپ باققا چىقىپ كەلدى، ئۇ باغدىكى چىچەكلەرنى كۆرۈپ ئاۋازىنى بوش ئاھاڭدا چىقىرىپ ئىختىيارسىز ئۆزى بىر نىملەرنى دەپ ئاھاڭغا چۈشۈرۈپ ناخشا قىلىپ ئوقۇپ باغ ئايلاندى دە تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدىكى ئابدۇللانى كۆرۈپ داڭ قىتىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ ئەسنادا ئىككى كۆز بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشتى ھەم خىلى ئۇزۇنغىچە بۇ قاراش داۋاملاشتى، ئاخىرى ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى تالدىمۇ نىمە يەرگە قارىۋىلىشتى، بىر نەچچە مىنۇت سۈكۈت قىلىشتى، ئابدۇللا كۆڭلىدە ئويلىدى، بۇ ھەققەتەن چىرايلىق قىز ئىكەن، لىكىن مىنىڭ ھازىر توي قىلغۇم بولمىسا ھەم ئۇنىڭ بىلەن ئىچكى ھىسيات جەھەتتە بىلىشمىسەك كۈنلىرىمىز قانداقمۇ ئۆتەر دىگەنلەرنى كۆڭلىدە قاتتىق يۈگۈرتتى .
شۇ ئەسنادا گۆھەر قىزمۇ ئابدۇللا ئىلگىرى مەكتەپتە ناھايتى ياۋاش، لىكىن دوسلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا چىقىشقاق، تىرىشچان بالا ئىدى، ئۆزىمۇ خىللا كىلىشكەن بالا ئىدى، كۆزىدە ئەينەك يوق ئىدى، ئەمدى نىمە دەپ ... دىگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈردى دە :
ـ سىز قاچاندىن بىرى ئەينەك تاقىۋالدىڭىز، ـ دەپ سورىدى .
بۇ سۆزنىڭ ئىغىزدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىن ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى ھەم خىجىللىقتىن يۈزلىرى قان سىرتىلمىغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى، يۈرەكلىرى بايا بىر جۈپ كۆزلىرى ئۇچراشقاندىمۇ بەكرەك گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى،
ـ ئىككى يىل بولۇپ قالدى، ـ دېدى ئابدۇللا ئۇلۇغ بىر تىنىپ:
ـ مەن سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە ئاز قالغاندا كۆزۈمدىن چاتاق چىقتى، داۋالاندىم، لىكىن ساقايمىدىم، شۇندىن بىرى ئەينەك تاقاپ يۈرىۋاتىمەن.
ئاردىن يەنە خىلى جىمجىتلىق قاپلىغاندىن كىيىن گۆھەر يەنە بۇ جىمجىتلىقنى بۇزدى :

ـ سىز ئېككىمىزنىڭ توي ئىشىغا قانداق قارايسىز، ـ دېدى، ئۇ بۇ گەپلەرنى خىجىللىقتا بەكمۇ تەس ئېيتقان ئىدى.
ـ مەنمۇ؟ سىزنىڭچە مەن قانداق قارايدىغاندىمەن؟
ـ بۇ سوئالنى سىز مەندىن سورىماي ئۆزىڭىزدىن سوراڭ دېدى، ئابدۇللا بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ .
ـ سىز، مەن تېخى توي قىلىشنى ئويلىشىپ باقمىغان، لېكىن ئاتا ـ ئانام ماڭا بەك چوڭ بېسىم ئىشلەتتى، مەن ئامالسىز قالدىم، ـ گۆھەر بۇ سۆزنى يىغلامسىراپ تەسلىكتە دېدى .
ـ مەنمۇ شۇ، مەن ئوغۇل بالا بولغان بىلەن مەندىمۇ نىمە ئامال، ھەر ئېككىمىز ئوخشاش ئۇسۇل، ئوخشاش ھىسسىيات تاكتىكىسىغا چۈشۈپ قالغاندەك تۇرىمىز، مەنمۇ نىمە قىلارىمنى زادىلا بىلەلمىدىم بۇنىڭغا نىمە دېگۈلۈك، ـ دېدى ئابدۇللا بېشىنى كۆتۈردى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزنىڭ كۆزلىرى بىلەن يەنە بىر ئۇچراشتى، لېكىن ھەر ئېككىلىسىنىڭ كۆڭلىدە ياق يۈرىكىدە باشقىچە بىر سېزىم يەنە باشتىكى تاساددىبى قاراشقا ئوخشىمايدىغان ئىللىق بىر سېزىم، كۆچلۈك بىر ھارارەت پەيدا بولدى، قىز كۆزلىرىنى ئابدۇللادىن قاچۇرۇپ :
ـ ئابدۇللا، ھەر ئېككىمىز ئاتا ـ ئانىمىزغا قايتا يالۋۇرايلى، بىزگە بىرەر يىل ۋاقىت بەرسە قانداق دەيسىز، ـ دېدى .
ـ بولىدۇ، بولسا شۇنداق قىلايلى، مەنمۇ بۇنىڭغا قوشۇلىمەن، ـ شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئېككىسى باغدىن قايتىشتى، ئۇلارنىڭ پارىڭى شۇنداق ئاددى، لېكىن بەكمۇ كۆڭۈللۈك بولغانىدى .
گۆھەرنىڭ ئۆيدىكىلىرى ئائىلىسىگە قايتىپ كىلىشتى، كەچ كىرىپ بارچە شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ لېكىن گۆھەرنىڭ ياتقىنىنىڭ توكى ئۆچمىدى، ئۇ ياتاق ئۆيىگە قويۇلغان يالغۇز كىشىلىك كارۋاتتا ياستۇققا يىرىم يۆلەنگىنىچە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئابدۇللانىڭ كىلىشكەن ئەمما غەمكىن چىرايى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى، ئاق سىرىق، قاڭشارلىق، قاشلىرى قويۇق ئۆسكەن، بۇيىگىت تولۇقسىزدىكى ۋاقتىلىرىدا گۆھەرگە تونۇشلۇق تونۇشلۇق بولۇپ، دەرىسكە بولغان قىزغىنلىقى بىلەن گۆھەرنى قايىل قىلغان ئىدى، گۆھەر ھەر دائىم بۇ يىگىتنىڭ يالغۇز ھالەتتە دەرس تەكرارلاپ يۈرگىنىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە دەرس تەكرارلىغۇسى، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ ياخشى دوست، ئىناق ساۋاقداشلاردىن بولۇپ ئۆتكۈسى بار ئىدى، گۆھەرنىڭ بۇ چاغدىكى ھىسسىياتى ئاددىيلا دوسلۇق ھىسسىياتى ئىدى، لېكىن بۇ چاغلاردا ئۇ ئېككىسىگە تونۇشقۇلى پۇرسەت بولمىدى، ياق پۇرسەتنى ئىنسانلار ئۆزى يارىتىدۇ، لېكىن گۆھەر بىلەن ئابدۇللا ھەر ئېككىلىسى تارتىنچاق ھەم ئەخلاقلىق كەم سۆز بالىلاردىن بولغاچقا شۇ پۇرسەت بولمىغانىدى.
توۋا، تەقدىر دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، گۆھەر ئابدۇللا بىلەن تونۇشۇشنى ئىرادە قىلغاندا نىسىپ بولمىدى، ئەمدى بولسا مانا ئۇ يىگىت ھەر ئېككىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەلىپى بىلەن قىسقىسى مەجبۇرلىشى بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرمەكچى بولۇپ تۇراتتى، گۆھەرمۇ بۇ قېتىم راستىنلا ئارىسالدى بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا تېخى بالدۇر دېگەن مۇش يەكۈن ئۇلارنىڭ قەلبىدە بولمىغان بولسا ئىدى، ئابدۇللا بىلەن گۆھەر تامامەن بىر ـ بىرىگە ماس كىلەتتى، گۆھەر قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى دە ئاتا ـ ئانىسىغا يەنە بىر قېتىم توي قىلىشقا تېخى بالدۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچى ئەگەر ئۇلار قوشۇلسا بىر ئېككى يىلدىن كىيىن بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرماقچى، بولمىسا باشقا ئامال بولمىغاچقا ئابدۇللانى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆز ھەمراھىغا ئايلاندۇرۇشقا رازى بولماقچى بولدى، شۇ خىياللار بىلەن ئۇ بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ كاللىسىدا ھەر خىل خىياللار دەۋر سۈردى .
ئەتىسى ئەتىگەندە گۆھەر دادىسىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئانىسىغا :
ـ ئانا سىلەر مىنى تويغا زورلىماڭلار، مەن بىر ئېككى يىل ئۆز كەسپىمنى ئىگەللىۋالسام، ئۇگەنگەن ھۈنىرىم چالا قالمىسا بولاتتى، ـ دەپ يىغلامسىرىدى .
گۆھەرنىڭ دادىسى قارا قورساق ئادەم بولۇپ، زادىلا باشقىلارنىڭ گىپىنى ئاڭلىمايدىغان، ئۆزى قىلمەن دېگىنىنى قىلىدىغان كاج ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەر قانچە مەسلىھەت كۆرسەتكەن بىكار ئىدى، ئۇ گۆھەرنىڭ ئىشىدا ئاللىقاچان قارار چىقىرىپ بولغان ئىدى، بۇنى گۆھەرنىڭ ئانىسى ھەممىدىن ئوبدان چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇ قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ :
ـ جىنىم قىزىم، بۇ مىنىڭ ياكى سىنىڭ قارا چىقىرالايدىغان ئىشىمىز ئەمەس، داداڭنى بىلىسەنغۇ ئۇنىڭغا نىمە ئامال، ـ دەپ ئۇمۇ غەمگە پاتقان ئىدى .
ئانا ـ بالا بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاشقىنىچە نىمە دېيىشنى ياكى يىغلىشنى ياكى كۈلۈشنى بىلەلمەي قالدى، دەل مۇشۇ چاغدا ئابدۇللانىڭ ئۆيىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەنزىرە پەيدا بولدى، ئالدىنقى كۈنى كەچتە گۆھەر قايتىپ كەچ كىرگەندىن كىيىن ئابدۇللامۇ بىر كېچە خىيال ئىسكەنجىسدە ئۇخلىيالمىدى، ئۇ قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ تولىمۇ ئاقكۆڭۈل، سەممىي بىر قىز ئىكەنلىكىنى ھەم شۇنداقلا ئۇنىڭ چىرايلىق بىر قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەگەر يىشىمىز چوڭراق بولغان بولسا بۇ قىز بىلەن توي قىلىشقا نارازى بولمىغان بولاتتىم، دەپ ئويلىدى، ھەم بۇمۇ گۆھەر ئويلىغاندەك ئاتا ـ ئانىسىغا يىلىنىپ بېقىش ئەگەر قوشۇلمىسا ئۇمۇ مەيلى دېمەكچى بولدى، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كىيىن ئابدۇللا كۈندىكىدىمۇ سەھەر تۇرۇپ قويلارنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كىيىن ھويلا ـ ئاراملارنىڭ بەكلا توپا ئۆرلەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ سۇ چېچىشقا باشلىدى، ئىتىزدىكى زىرائەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قايتىپ كەلگەن ئابدۇراخمان ئاكا ئابدۇللانىڭ خىلى سەھەردىلا ھويلا ـ ئاراملارغا سۇ چېچىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مەسلىگى كەلدىمۇ ياكى ئۇنىڭ توي ئىشىغا ماقۇل كەلگەن ـ كەلمىگىنىنى بىلىپ باقاي دېدىمۇ :

ـ ئوغلۇم باركاللا ساڭا سەھەرىلا ھويلا ـ ئاراملارنى پارقىرتىپ يىغى كىلىنىنى كۆتىۋالاي دەپسەندە يارايسەن، ـ دەپ مىيىقىدا كۈلـدى، دادىسىنىڭ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرغىنىنى كۆرگەن ئابدۇللانىڭ چىرايى ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى دە:

ـ دادا سەن مىنى چۈشەنسەڭ ئىمە بولار مەن ... مەن دىگىنچە دۇدۇقلاپ كەتتى، بۇ چاغـدا ئابـدۇراخمان ئاكـا ئابـدۇللانىڭ قـىشىغا كىلىپ ئۇنىڭ بىشىنى مېھرىبانلەرچە سىلىدى ھەم ئۇنىڭغا :

ـ بولدى ئوغلۇم، كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، سەنمۇ مىنى چۈشىنىسەن، قارا ئوغلۇم يىزىدىكى باللارنىڭ سەن بىلەن تەڭتۇشلىرى ئالـدىنىڭ بىردىن باللىرى بولۇپ قالدى، لىكىن سەنچۇ؟ بولدى گەپ قىلمىغىن سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىم ھەم بۇيرۇقـۇم بولـسۇن بـۇ تويغا نـارازى بولما، گۆھەرنىڭ دادىسى بىلەن مەن ئالللىقاچان قارار چىقىرىپ بولدۇق، توي ختى ئىلىپ بولساڭلا ھەپتىگە قالماي تـوينى تـۈگىتىمىز، بولدى مىنى يەرگە قاراتما، سىن دىگەن مىنىڭ بىردىنبىر يۈرەك پارەم ھەم يالغۇز ئوغلۇم، ـ دەپ ئابدۇللانى باغرىغا باستى .

ئابدۇللا بىلەن گۆھەر ئاخىرى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئارزۇلىرى بويىچە توي قىلىشماقچى بولۇشتى، ئاتا ـ ئانىلارنـىڭ مەجبۇرلـىشى ئۇلارغـا بەخت قۇشنى ئىلىپ كىلىۋاتقاندەك ئابدۇللا بىلەن گۆھەرمۇ بىر ـ بىرىگە تەشنا بولىدىغان، بىر ـ بىرىشنى كۆرگۈسى كىلـدىغان بولـۇپ قىلىشتى، ھىلىقى باغدىكى ئىككىنچى قىتىملىق كۆزلەرنىڭ ئۇچرىشىپ قىلىشى ئۇلارنىڭ قەلبىگە چۇڭقۇر ھىسسي تۇيغـۇلارنى كەلتـۈرۈپ قويغانىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار توي ختى ئالماقچى بولۇشتى، ئابدۇللا بىلەن گۆھەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشىغا رەھمەت ئىيتىشتى ياكى ئۇلاردىن قوشۇر تىپىشنى زادىلا بىلەلمىدى، ئەتە توي ختى ئالغىلى بارىمىز دىگەن كۈنى ئاخشىمى گۆھەر قىز يەنە بىر ئاخـشام كۆزلىرنى ئۇيقۇدىن بىدار قىلدى، ئۇ ئويلىنىپ ئاخىرى ئابدۇللاغا بىر پارچە خەت يىزىپ ئۇنىڭ كۆڭلـدىكىنى تىخمـۇ تولـۇق بىلـىپ باقماقچى بولدى، ئۇ قەلەمنى ئالدى دە قەغەزگە جىجىلاشقا باشلىدى .

»ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم

ھۆرمەتلىك ئابدۇللا، ياخشى تۇرىۋاتامسىز؟

مىنىڭ سىزگە بۇ خەتنى يازغىنىمدىن بەلكىم ماڭا نەپرەتلىنىپ خەتنى ئوقۇماستىن يىرتىپ تاشلايـسىز ۋە يـاكى مەنـدىن تىخمـۇ بىزار بولارسىز؟ لىكىن سىز مىنىڭ ئىمە دىمەكچى بولغىنىمنى بۇ خەتتىن ئوقۇپ ئەتراپلىق ئويلىشىپ ماڭا جاۋاپ بىرىڭ، بۇ مىنـىڭ سـىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم.

ئابدۇللا سىزگىمۇ ئايان بىز بىر تاساددىبي شارائىتتا ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن تونۇشتۇق، ھەم توي قىلـىشقا قوشـۇلمايمۇ ئىلاجىمىز بولمىدى، راست گەپنى قىلسام سىزنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى زادىلا توي قىلىشنى ئويلاپ باقمىغانىدىم ھەم تـوي قىلـىشقا بەكمـۇ نارازى ئىدى، ئاتا ـ ئانامنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىمىغنى ئۈچۈن ئۇلارغا نەپرەتلەنگەن ئىدىم، لىكىن سـىزنىڭ ئـۆيگە بارغـان كـۈنى سىز بىلەن بىغىڭىزدا پاراڭلىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كىيىن سىزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قاپتىمەن، بـۈنى ئەمـدى تولـۇق ھـىس قىلىۋاتىمەن، گەپنىڭ قىسقىسى مەن سىزنى ياخـشى كـۆرىمەن، بـۇ مىنـىڭ كۆڭلۈمـدىكى سـۆز، دەسـلەپكى دەسـلەپتە ئاتـا ـــ ئانـام مەجبۇرلىغان، لىكىن كىيىن ئۆزۈم سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئەگەر خالىسىڭىز توي قىلايلى، خالىمىسىڭىز ئاتا ـ ئانىمىزغـا تولـۇقراق چۈشۈندۈرۈپ باقايلى، ئەگەر توي قىلىسىڭىز مىنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزگە بىر ئۆمۈر سادىق بولۇپ ئۆتىمەن، بـۇ مىنـىڭ چىـن قەلبىمدىن چىققان يۈرەك سۆزۈم، مەن سىز بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدۇم، بۇ هـازىر ئاتـا ـ ئانامنـىڭ مەجبۇرلـىشى بـىلەن ئەمەس ئـۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن بولغان .

خەيىر، سىزگە سالامەتلىك تىلەپ

گۆھەر«

ئۇ خەتنى شۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇمارچە شەكىلدە قاتلاپ يانجۇقىغا سىلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ ئەتىسى ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ بىلەن سالام ساھەت قىلىشقاندىن كىيىن تۇمارچە شەكىلدە قاتلىغـان خەتنـى ئابـدۇللاغا تەڭلەپ :

سىزگە تۇمارچە ئىسىپ قويىاي، كۆز تەگمىسۇن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەرسىز، ـ دەپ خەتنى بىرىپلا قىزىرىپ ئارقىغا ياندى .

ئابدۇللا بۇ تۇمارچىنى قولىغا ئىلىپ قولىنى ياق قولىنىلا ئەمەس پۈتۈن قەلبىنى بىر ئوت كۆيدۈرۋاتقانـدەك پۈتـۈن بەدەنلـىرى قىزىرىـپ كەتتى، ئۇ يەنە ھىلىقى بىغىدا خەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدى ھەم خۇشال بولدى، چۈنكى ئۇمـۇ مۇشـۇ كـۈنلەردە گـۆھەرنى كۆرمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ياخشى بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ يۈرەلىرى گۈپۈلدەپ كەتتى، باغدا يالغۇز ھالەتتە شىرىن سۈردى، خىيالىدا گۆھەر ئۇنىڭغا ھەمرا بولاتتى، ئىككى يىلدىن بىرى تارتقـان ئازاپلىرىغا ئۇ شىپا بولىدىغاندەك ھىس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن باغدىن قايتىپ چىقىپ گۆھەر بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا :

ـ بولدۇ، ئىككىمىز بۇ مۇساپىنى بىرلىكتە باسايلى، مەنمۇ سىزنى قەدىرلەيمەن، ـ ئابدۇللا بۇ سۆزلەرنى بەكمـۇ تەسـتە دىـدى، ئـۇ خەت يازاي دەپ ئويلىغانىدى، لىكىن خەت يازغاندىن كۆرە ئىملا بولمىسۇن ئىككى ئىغىز بولىسمۇ يـۈز تـۈرانە سۆزلەشـكەنگە يەتمەيتتـى، ئىككىسى باشقىچە گەپ قىلىشمىدى، پەقەت كۈلۈمسىرەپلا بولدى قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توي ختى ئىلىشقا يۈرۈپ كىتىشتى .

مانا ئابدۇللانىڭ قولىدا بىر پارچە ئىككىسىنىڭ بىر پارچە بىرلىكتە چۈشكەن ئىككى سۈڭ رەسىمى قادالغان قىپقىزىل توي ختى پـارقىراپ تۇراتتى، ئابدۇللا توي ختىدىكى رەسىمگە قارىدى، رەسىمدىكى قىز تولىمۇ گۈزەل، تولىمۇ چىرايلىق ئىدى، ئۇنـىڭ بـولاقتەك بىـر جـۈپ

قاپقارا كۆزلىرىدىن سەممىلىك، راسچىللىق، ئاقكۆڭۈللۈك چىقىپ تۇرغاندەك قىلاتتى، ئابدۇللا رەسىمدىكى قىزنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىگە قاراپ ئۇنىڭغا بولغان سىغىنىشى تېخىمۇ ھەسسىلەپ ئاشقاندەك بولدى ھەم ئۇنى ھازىرلا كۆرگۈسى، ھازىرلا ئۇنىڭ بىرگە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقۇسى كەلدى، تۇيۇقسىز ئۇ قىزنىڭ كۆرىگە قاراپ بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى دە خىيال ئىلكىگە پاتتى، ئابدۇللا بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى كۆزى ئاجىزلىشىپ كېتىپ بۇندىن بىرى ئەينەك تاقاپ كىلىۋاتاتتى ھەم ئۇ دىھقان بولۇپ، شۇ كىسەلنىڭ سەۋەبى بىلەن ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ئېغىرراقلىرىغا يارىمايتتى، شۇڭا ئۇ گۆھەرنى بەختلىك قىلالمايدىغاندەك ھەم ئۇنى تويدىن كېيىن بىر ئۆمۈر جاپادا قالدىغاندەك ھىس قىلدى ھەم چۇڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ بۇ تويدىن ۋاز كەچمەكچى بولدى، ئۇ خەتنى مۇنداق يازدى :

»ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم

ھۆرمەتلىك گۆھەر قىز ياخشىمۇ سىز؟ مەن خېتىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن سىزگە بولغان ئىشەنچىم، سىزگە بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشقان ھەم سىزگە قايىل بولغان ئىدىم ھەم مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرگەن بولۇپ، سىزنى ھايات يولۇمدا ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلاي دەپ ئويلىغان ئىدىم .

لېكىن ئەپسۇس، مەن سىزنى بەختلىك قىلالمايمەن، نىمىشقا دەمسىز؟ مەن بۇندىن 2 يىل ئىلگىرى كۆزۈمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ۋە جىسمانى قۇۋۋىتىمدىن ئايرىلغان، شۇندىن بىرى مەن خۇشال ـ خۇرام ياشىغىنىمنى تۇزۇك ئۇقمايمەن، مەن دىگەن دىھقان، ھېچقانداق ھۈنەر كەسىپ ئىگەللىمگەن ھۈنەرسىز كىشى، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا كۈچ كېتىدىغان ئېغىر جىسمانى ئەمگەك، لېكىن مەن بۇنىڭدىن مەھرۇم، بىز توي قىلغاندىن كېيىن سىزنىڭ جاپادا قىلىشىڭىزنى خالىمايمەن، بۇنداق دىسەم سىز مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، مەن بىلەن توي قىلغۇسى يوقكەن دەپ مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، مەن دەسلەپدە ئاتا ـ ئانام زورلىغاندا راستىنلا نارازى ئىدىم، لېكىن سىز بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن ئۇنداق ئەمەس ئىدى، سىزنى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم، مېنى چۈشىنىڭ، مەن ئۆزۈمنىلا ئويلىسام شەخسىيەتچىلىك قىلغان بولۇپ قالىمەن، ئىنسان ئۆزۈن ئۈچۈنلا ياشىسا ئۇنى قانداقمۇ ئادەم دىگىلى بولسۇن، كەچۈرۈڭ بىز توختاپ قالايلى، مەن ئاتا ـ ئانامغا يىلناي توي خېتنى قايتۇرۇۋېتەيلى .

خەيىر، سىزگە سالامەتلىك ۋە بەخت تىلەپ يارىماس يىگىتىڭىز :

ئابدۇللادىن«

ئابدۇللانىڭ خېتى قىسقا لېكىن بەكمۇ مەزمۇنى ئېغىر بولدى، ئۇ سۆزلەرنى بەكمۇ كەسكىنلىك بىلەن ئېيتقان ئىدى، گۆھەر بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن يىنىش ـ يىنىشلاپ ئوقۇدى، خەتنى ئوقۇپ بولغىچە كۆزلىرى ئاققان تارام ـ تارام ياشلار خەت ئۈستىگە ئېقىپ چۈشۈپ خەتنى ئوقۇغىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە قىلىۋەتكەنىدى، ئۇ ئابدۇللانى قەلبىدىن، چىن دىلىدىن سۆيگەنىدى، شۇڭا ئابدۇللانىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى، ئۇلار تىخى توي خېتىنىمۇ ئېلىپ بولۇشقانىدى، ئابدۇللانىڭ ئەينەك تاقاپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدىلا ئۇ ھەممىسنى يەنە ئابدۇللانىڭ ئىمتىھاندىن نىمە ئۈچۈن ئۆتەلمىگىنىنى ھەم ئۇنىڭ كىسلىنىڭ قانداق كىسەل ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى، پەقەت ئابدۇللانىڭ كۆڭلىنىڭ قايتا ئازاپلانماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەينەك تاقاپ يۈرۈشنىڭ سەۋەبىنى قايتا سوراپ يۈرمىگەنىدى، چۈنكى يۈرەك پارىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى، دىمەك ئۇمۇ ئابدۇللانى چىن قەلبىدىن، يۈرىكىدىن سۆيگەنىدى، ئۇ ئابدۇللانىڭ خېتىنى ئوقۇپ خەتتىكى مەزمۇنلارغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى، ئۇ ئابدۇللانىڭ سىرتتقى كۆرىنىشى ھەم تىنىنى ياخشى كۆرگەن بولماستىن ئۇنىڭ قەلبى، ئۇنىڭ چىقىشقاق، ئاقىيجاناپ، خىسلىتىنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇ بىر كۈنى سىڭلىسىنى ئابدۇللانىڭ قىشىغا ئەۋەتتى، ئۇلار ھەپتە ئاخىرىدىكى بازار كۈنى يىزىنىڭ بازىرىدا بىر ـ بىرى بىلەن قايتا كۆرۈشمەكچى بولۇپ قايتىشتى، ھەپتە ئاخىرىدىكى بازار كۈنى ئاخىرى يىتىپ كەلدى .

ئابدۇللا بىلەن گۆھەر بازاردا ئۇچرىشىپ سالام سائەت قىلىشتى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ دىدى گۆھەر ئابدۇللانىڭ ھاڭۋىقىپلا تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ :

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەن ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟ دىدى ئابدۇللا يەنىلا بىر ئاز تارتىنغاندەك قىياپەتتە .

ـ سىزنى ساقلىتىپ قويغاندىمەن .

ـ ياقەي مەن كەلگىلىمۇ ئۇزۇن بولمىدى .

ـ قاراڭ ئابدۇللا يوللار بەك ئەسكى بولۇپ كىتىپتۇ، ئىشەك ھارۋىنى سۆرەپ ماڭالماي شۇڭا ئىتتىك كىلەلمەي سىزنى ساقلىتىپ قويدىمىكىن دەيمەن .

ـ مەن ئۇزۇن ساقلاپ قالمىدىم

ـ ئەگەر ساقلاپ قالغان بولسىڭىزمۇ مەن ساقلىتىشقا ئەرزىمدىمەن؟

ئابدۇللا بۇ سوئالغا نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشنى بىلەلمەي قالدى، ئۇ تەمتىرگىنىدىن نىمە قىلىشنى، نىمە دىيىشنى بىلەلمەيلا قالدى، بۇ چاغدىكى كەيپىياتنى يەنىلا گۆھەر ئوڭشىماقچى بولۇپ :

ـ ئىككىمىز مۇشۇ كوچىدىلا پاراڭلىشىپ تۇرامدۇق،ـ دىدى .

ھە راست، ئۇنداقتا نەگە بارىمىز، ـ دىدى ئابدۇللا گۆھەرگە قاراپ نەگە باراتتۇق، تاماق يىدىڭىزمۇ؟ چۈشلۈك تاماق ۋاقتىمۇ

بولۇپ قاپتۇ، تاماق يېگەچ پاراڭلىشامدۇق .

شۇنداق قىلىپ ئۇلار مۇشۇ يېزىدىكى خېلى داڭلىق پاكىزە ئاشخانىلارنىڭ بىرى بولغان «ئەلخۇش تېز تاماقخانىسى» گە كىرىپ كەلدى .

ياخشىمۇ سىلەر، ــ دېدى تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى سىمىز قورساق بۇرۇتلۇق، پور كۆتەك ئاشخانا خوجايىنى .

ــ سىلەر قانچە كىشى؟

ــ بىز ئىككىمىزلا،ــ دېدى ئابدۇللا ئاشخانىغا خوجايىنىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن .

ــ ئۇنداقتا 6 ــ نۇمۇرلۇق ئايرىمخانىگە مەرھەمەت .

بۇ ئايرىمخانا ئاددىيلا زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئۇتتۇرىغا ئوتتۇراھال يۇمىلاق ئايلانغا جوزا قويۇلغان بولۇپ، ئەتراپىغا تۆت دانە ئورۇندۇق قويۇلغان، بۇلۇڭىغا بىر دانە 17 سۇڭلۇق رەڭلىك تېلېۋىزۇر بىلەن سىن قويۇش ئاپپىراتىدىن بىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، ئۆي ئىچىگە قارىغان ئادەمگە ئازادىلىك بىغىشلىغاندەك بولاتتى، ئۇلار تاماق بۇيرۇتۇپ، تاماقلىرىنى يەپ بولۇشقا ئاز قالغاندا گۆھەر يەنە ئابدۇللاغا قاراپ گەپ باشلىدى، چۈنكى ئۆيىنى بەكمۇ جىمجىتلىق قاپلىغان بولۇپ، گۆھەرنىڭ ئىچى پۇشۇپ بىئارام بولغانىدى، ئۇ :

ــ ئابدۇللا، سىز نىمە ئۈچۈن بۇ ئويغا كىلىپ قالدىڭىز،ــ دېدى ئۇ .

ــ مەن ... سىز باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ، ئەھۋالىمنى سىزگە خەت ئارقىلىق تولۇق ئېيتتىم، سەۋەبى شۇ، ــ دېدى ئابدۇللا بېشىنى تۆۋەن سىلىپ .

ــ سىز مىنى قانداق قىز دەپ ئويلاپ قالدىڭىز، مەن سىز بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلغانىكەنمەن، سىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىڭىز ماڭا ئىغىر كەلمەيدۇ، مەن تولا ئويلىنىپ بىر قارارغا كەلگەن، ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام، سىزمۇ مەندىن ئۆرەمتىڭىز؟ مەندىن قاچامتىڭىز؟ مىنى ياخشى كۆرگىنىڭىز مۇشۇمۇ؟ ــ گۆھەر بۇ سۆزلەرنى تولىمۇ تەسلىكتە ۋە ئىغىر ھالەتتە ئېيتتى، ئۇ بۇ سۆزلەرنى شۇنداق جاراڭلىق، شۇنداق ئورۇنلۇق قىلدىم دەپ ھىس قىلدى .

ئابدۇللا سۆزلىيەلمەيلا قالدى، ئۇ نىمە دېيىشنى، نىمە قىلىشنى يەنىلا بىلەلمىدى، ئۇ شۇنداق ئويلىدى :

ــ مەن گۆھەرنى راستىنلا ياخشى كۆرىمەن، ئۇ مىنىڭ ئورۇنۇمدا بولسا مەنمۇ ئەلۋەتتە ئۇنى تۇرمۇشۇمدا ھەمرا قىلىشتا ھىچ ئىككىلەنمەيتىم، ئۇمۇ ئىككىلەنمەپتۇ، دىمەك، ئۇمۇ مىنى چىن قەلبىدىن كۆرىدىكەن، لىكىنزە ... ئۇ مەن بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلسا ھەم بەختسىز بولۇپ قالسا بۇنىڭغا نىمە دىگۈلۈك، ئابدۇللانىڭ قەلبىدە مۇشۇ خىياللار، مۇشۇ ئويلار ھالقىپ ئۆتتى دە گۆھەرگە قاراپ .

ــ ئۇنداق ئەمەس سىزنى راستىنلا ياخشى كۆرىمەن، لىكىن سىزنى بەختلىك قىلالماسمەنمىكىن دەپ ئەنسىرگەنتىم، ــ دېدى .

ــ مىنىڭ زور بەختىم ــ سىزنىڭ مىنى چىن قەلبىڭىزدىن ھەقىقى ياخشى كۆرگىنىڭىز، تويدىن كېيىن مىنى قەدىرلەپ ئۆتسىڭىز، مەنمۇ سىزنى ھۆرمەتلەپ ئۆتسەم بولىدىغۇ؟...

ئۇلار ئاشخانىدىن قايتىپ چىقىشتى، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى شۇنداق ئاخىرلاشتى، پەيشەنبە كۈنى يەنى ئۇلارنىڭ توي قىلغان قۇتلۇق كۈنى ئاخىرى كەلدى، گۆھەرنىڭ ئۆيى شۇنداق قىزىزىرىپ كەتتىكى ئۆيىدىكى ھەممە ئادەملەر شۇنداق ئالدىراش، بەكمۇ ۋالىۋاشلىق ئىچىدە بۇ توي ئاخىرلاشتى .

ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدىمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ تويىنى خۇشاللىق، بەختىيار بىر كەيپىياتتا ئۆتكۈزىۋالغىنىدىن ناھايىتمۇ خۇرسەن ئىدى .

ــ قارىسلا دادىسى مەن بىر ياخشى كىلىنگە ئۇچراپتىمەن، قىرىغان چىغىمىزدا خۇدايىم بىزگە ياخشى بىر قىزنى كىلىن قىلىپ بىرىپتۇ، ئۇ ئۆيگە كەلگەندىن بىرى مەن خىلىلا راھەت كۆرگەندەك بولۇپ قالدىم، ــ دېدى ئالىيە ھەدە ئابدۇراخمان ئاكىغا كىلىنى گۆھەردىن رازى بولغان قىياپەتتە .

ــ شۇنداق ئانىسى، شۇنداق، كىلىن قىزىمىزنىڭ خۇي پەيلى تولىمۇ ياخشى، ئەخلاقلىق قىز ئىكەن، بىزمۇ ئەمدى خاتىرجەم بولساق بولغۇدەك، ئوغلىمىز ئابدۇللانىڭ بەختى بار ئىكەن، ئاللا ئىگەم ئۇلارنى ئۆمۈرۋايەت بىرگە ئۆتۈشكە نىسىپ قىلسىدى، ــ دېدى ئابدۇراخمان ئاكىمۇ ئايالىنىڭ گىپىنى تەستىقلىغان ھالەتتە .

دىمىسىمۇ گۆھەر ھەقىقەتەن ياخشى قىز بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ئائىلىگەن كەلگەندىن كېيىن يىگى ئائىلە شارائىتىغا قانداق ماسلىشىش كىرەكلىكىنى تولىمۇ ئويلاندى، چۈنكى كىلىن بولغۇچى دائىم ياشاۋاتقان، كىچە ــ كۈندۈز ئۆزىگە ھەمراھ تۇرمۇشنى تاشلاپ يىپيىڭى بىر ناتونۇش ئائىلىگە كىرىدۇ، بەزىلىرى بۇ ناتونۇش ئائىلە تېزلا تونۇشۋالايدۇ، يەنە بەزى قىزلار بولسا ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلىقى سەۋەبىدىن ھەرگىزمۇ بۇ يىپيىڭى ناتونۇش ئائىلىنى تونۇش ئائىلىگە ئايلاندۇرالمايدۇ.

گۆھەر بولسا ئۆزىنىڭ قىزغىنلىقى، چىقىشقاق، مۇلايىم، مىجەزى بىلەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا بۇئائىلىنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئوخشاش تونۇش ھالەتتە يەتكۈزۈپ بولدى .

ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىرلىك شىرىن ئابدۇللارنى ھۆرمەتلىگەندىن سىرىت ئابدۇللانىڭ ئائىلىسىدىكى ئابدۇللانىڭ ئانىسى، ئابدۇللانىڭ سىڭلىسى ۋە ئانىسى بولغان ئالىيە ھەدىنى، سەنۇبەر قاتارلىق تۆت سىڭلىسىنى ئۆز بىر تۇققان قىرىنداشلىرىدەك كۆرۈپ ئۇلارغا سەممى

مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى، بۇنىڭدىن ھەممە خۇرسەن ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھىرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي ئەتىگەندە ئالىيە ھەدە ئورنىدىن تۇرۇپ جايىنامازدىن چۈشۈپ بولغىچە ھويلا ـ ئاراملارنى پاكىزە سۈپۈرۈپ تازىلاپ بىر ئائىلىكلەرگە ناشتىلىق تەييارلىق ئۈگگۈرتەتتى، ئۇ ھەممە ئىشلارنى يالغۇز قىلاتتى، ئابدۇللا بىلەن سۇنۇبەر ئۇنىڭغا ياردەملەشمەكچى بولسا ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ :

ـ سىلەر مېنىڭ بۇ ئائىلە بىلەن ئۇيدانىراق تونۇشۇشىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلمىساڭلار، كېيىنچىرەك ياردەملىشىڭلار بولامدۇ ـ دەپ ئۇلارنى ئىشقا يېقىن كەلتۈرمەيتى،

بىر نەچچە ئاي مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى، ئابدۇللا بىلەن گۆھەر بىر ـ بىرىگە ئىنتايىن ئىجىل، ئامراق بولۇپ، تاھىر ـ زۆھرە، يۇسۇپ ـ زۇلەيخا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمىغاندەك بىردەم بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزلىرى قىيىشمايتى .

ـ ئابدۇللا، ـ دېدى گۆھەر بىر كۈنى ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن سۆيۈملۈك مەھبۇسىنى نوقۇپ، ـ سىزگە خوش خەۋەر .

ـ نىمە خوش خەۋەر خوتۇن، ئەتە دىسەڭمۇ بولىدىغۇ؟

ـ چارچاپ كەتتىم ئارام ئالايلى، ـ دېدى ئابدۇللا ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچالماي» .

ـ ياق ھازىرلا دەيچۇ، نىمە خوش خەۋەر بولاتتى، سىز دادا بولىدىغاندەك تۇرىسىز .

گۆھەرنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا ئابدۇللا ياتقان يېرىدىن دەرھال چاچراپ تۇردى دە ـ

ـ راستىن مەن دادا بولىدىغان بولىدۇمما، مەن دادا بولىدىغان بولىدۇم، مەن دادا بولىدىغان بولدۇم،ـ دەپ خوشلىقىدىن كىچىك بالىدەك سەكرەپ كەتتى، ئۇ ھەقىقەتەن خوشال بولغانىدى، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك ئامراق ئىكەنكى بۇنى باشقىلار تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تەشنا ھىسسىياتلىرىنى ھەرگىزمۇ تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايتتى، ماڭا گۆھەرنىڭ قورسىقىدىكى بۇ تۆرەلمە ئابدۇللا بىلەن گۆھەرنىڭ پاك مۇھەببىتىنىڭ، ئىناق ـ ئىجىل ئائىلىسىنىڭ سىمۋۇلى ھەم ئۇلارنىڭ مۇھەببەت مېۋىسى ئىدى، شۇڭا ئابدۇللا بۇنىڭدىن بەكلا سۆيۈنۈپ كەتتى، ئۇ خۇشاللىقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي ئايالىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ـ رەھمەت سىزگە، رەھمەت سىزگە دەيتتى، قىسقىسى ئەمدى ئۇ نىمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمىدى، دىمەك، ئۇلار چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى، ئالدىغا ياغاچ شادا ئورنىتىلغان، كەڭرى ھەم كۆركەم، قارىغاي كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگىدەك دەرىجىدە يېپىلغان ئاۋايىنىڭ ئالدىدىكى ياغاچ شادىدىن ھىلال ئاي شەكلىگە كىرگەن ئاي بىرسىنى مارىغاندەك نۇرلىرىنى ئاشكارە قىلماقتا ئىدى، ئاشۇ يورۇقلۇق ئىچىدە ئوتتۇرا ياشلاردىن سەل ھالقىغان بىر جۈپ ئەر ـ ئايال تۈن يېرىم نىسپىگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ تىخىچىلا ئۇخلىمىغان بولۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ كېيىنكى» بەخت» سىرى ئۈستىدە ئىزلەنمەكتە، ئويلانماقتا ئىدى .

ـ بۇگۈن گۆھەرلەرنىڭكىگە بېرىپ كەلدىڭلىمۇ؟ دېدى بومبا ساقال، قارامتۇل، ۋىجىك كەلگەن ئەركىشى، بۇ كىشى ئۆزىنىڭ جۇغىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ئاچچىقى خوپ بار، چۇس مىجەز ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىشىنىڭ قويۇۋالغان ساقىلى بىر غىرىچتىن سەل ئۆزۈنراق بولۇپ، بۇ ساقال جۇغىغا ماس كەلمەي قالغان ئىدى، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كىچىككىنە كەلگەن بېشىمۇ بۇ كىشىنىڭ ساقىلىنى مازەك قىلغاندەك بەكمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى، بۇ ئۇ كىشىنىڭ سىرتقى ئوبرازى بولسىمۇ لېكىن ئۇ كىشىنىڭ ئەقلى دۇنياسىنى، قەلبىنى ئاشكارىلاپ بەرگەندەك چۈش مىجەزى بىلەن تولىمۇ ماسلاشقان ئىدى.

ـ ھەئە، باردىم ئۇلار ناھايىتى ياخشى تۇرۇپتۇ، بىر ـ بىرىگە تىخىمۇ ئىجىل بولۇپ قالدىمۇ نىمە ئۇلار؟ ـ دېدى يۇملاق خام سىمىز كەلگەن ئايال .

ـ قانداق دەيسلە؟

ـ ئۇلار بىر ـ بىرىدىن بىردەم ئايرىلالمايدىكەن، يەنە بىر خوش خەۋەر قىزىمىز ھازىر ئىغىر بوي ئىكەن، بىزمۇ ھاياتلىقىمىزدا نەۋرە يۈزى كۆرىدىغان بوپتىمىز .

ـ نىمە دەۋاتىسەن، گۆھەر ئىغىر بوي بولغان بولسا، ھەر ئاپلا... سەن بالىنى چۈشۈرگۈزىۋەت، ـ دېدى بوۋاي قوپاللىق ھەم تەرسالىق بىلەن.

ـ نىمە دەۋاتىلا دادىسى بۇ دىگەن بىز ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش تۇرسا، سىلى خۇشال بولىدىغاننىڭ ئورنىغا خاپا بولۇپ...

ـ ئاغزىڭنى يۇم، ـ دېدى بوۋاي ئاۋازىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاچچىقىدىن ساقاللىرى تىترەپ يۈز ـ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ـ بۇ خۇشال بولىدىغان ئىش ئەمەس، كۈيئوغلىمىز ئابدۇللا بىر يارىماس، ئۇ يا ئىتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا قارىيالمىسا ياكى بولمىسا باشقا ئىشلارنى ئەپلەشتۈرەلمىسە، يەنە كېلىپ ئۇ بىر كىسەل كۆرپىسى ئىكەن، شۇڭا تېزدىن بالىنى چۈشۈرگۈزىۋىتىپ ئاندىن ئۇلارنى ئاجراشتۇرۇۋىتەيلى .

ـ ھۇي دادىسى بۇ نىمە دىگەنلىرى، كۈيئوغلىمىز ئابدۇللا ياخشى بالىغۇ، ئۇ كىسەلچان بولغىنى بىلەن قىزىمىزنىڭ يەنە سىلى بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ كىلىۋاتىدىغۇ، كىسەلچان بولۇپ قىلىشى ئۇنىڭ خاتالىقى ئەمەس، ئۇنداق قىلمايلى، ـ دېدى ئايال ئېرىدىن ئۆتۈنگەن ھەم تەربىيە قىلغان ئاھاڭدا .

ـ بولمايدۇ، دىدىم بولمايدۇ، مەن دىگەندەك قىل، سەن دىگەن مېنىڭ خوتۇنۇم، نىمە دىسەم شۇنى قىلىشىڭ كېرەك، جىق سۆزلىمەبۇ مېنىڭ ئاخىرقى قارارىم، ـ دېدى بوۋاي قاپاقلىرىنى ھۆرپەيتكەن ھالدا .

ئايال نىمە دېيىشنى بىلەلمىدى، ئۇ يەنە بىر نىمە دەي دىسە ئېرىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە قاتتىق گەپ ئاڭلاشتىن قورىقتى، ئۇ

ئايال كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلىدى :
گۆھەر بىلەن ئابدۇللا ھەقىقەتەن بىر ـ بىرىگە ئامراق، تۇرمۇشى ھەقىقەتەن خۇشاللىق ئىچىدە بولۇپ، ئۇلار ئۆز بەختلىرىنى تاپتى، ئۇلار ھەر قانداق كىشىنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرگىدەك دەرىجىدە بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ئۆتتۇۋاتىدۇ، ھازىر ئۇلارنى ئايرىۋېتىش ھەقىقەتەن تەس، لېكىن ئۇلارنى ئايرىۋەتمەيلى دىسە، بوۋاينىڭ ھالى شۇ يەنە كېلىپ ئابدۇللا دېھقان بولسىمۇ ئىتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى تولۇق قىلىپ كېتەلمەيدىغان يېرىم دېھقان ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن گۆھەرنىڭ قورسىقىدىكى ئەمدىلا گۆش ھالىتىگە كەلگەن بالا، ئەمدى قايسىبىر دوختۇرخانىنىڭ خالاسىدە نىجاسەتكە ملىنىپ ياتسا، ئايال مۇشۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزىدىن ئىختىيارسىز بىر تامچە ياش ئەگدى، ئىنسان ھەر قانچە تاش يۈرەك بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ چۈنكى ھامان بىر چىشلەم گۆشتىن تۆرەلگەن بولغاچقا بۇ ئايالنىڭ قەلبى بىئارام بولىۋاتاتتىلىكىن ئۇ ئاخىرقى ھساپتا يەنىلا ئۆز ئېرىنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلدى ھەم ئېرىنى قوللاشنى توغرا تاپتى ھەم ئوبدان بىر پىلان تۈزۈپ پۇرسەت تاپقاندا ھىيلىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى، كونىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك «چاقنى بۇزغان شانسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى» دىگەندەك بۇ ئايالمۇ ھىيلىگەر قولىنى ئۇلارنىڭ بەختلىك ئائىلىسىنى بۇزۇشقا سوزۇشنى پىلانلىغاندى .
لېكىن گۆھەر بىلەن ئابدۇللانىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇ پىلاننىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدىغان باش پېرسۇناژلار ئىكەنلىكى خىيالىغىمۇ كېلىپ چىقمايتتى، ئۇلار ئۆز تۇرمۇشلىرىدىن پەخىرلىنەتتى، بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببىتى، ساداقىتى بىلەن پەخىرلىنەتتى .
بىر كۈنى گۆھەرنىڭ ئۆيىدىن بىرسى كېلىپ گۆھەرنى بىر ـ ئىككى كۈن ئۆيىدە تۇرۇشقا ئۆيدىكىلەرنىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى .
ـ ئابدۇللا، ئاتا ـ ئانام مېنى چاقىرتىپ بالا ئەۋەتىپتۇ، بىر ئىككى كۈندە كېلىدىكەنمەن، بىرىپ كېلەيمۇ؟ ـ دىدى ئېرىگە .
ـ بولىدۇ، بىرىپ كېلىڭ، ئۆيدە مۇھىم ئىش بولمىسا ئۆيدىكىلەر سىزنى چاقىرتمايتتى، بىرىپ كېلىڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، مەن ئۈچۈنلا ئەمەس، ئوماق قوزىمىز ئۈچۈن، ـ دىدى ئابدۇللامۇ گۆھەرنىڭ سۆزىگە جاۋابەن .
ـ لېكىن ... سىز قىينىلىپ قالارسىزمۇ؟ بولمىسا ئىككىمىز بىرگە بىرىپ كېلەيلى، بولامدۇ؟
ـ ياق قەدىرلىكىم، مەن ئۆيدە تۇرۇپ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا كۈچۈم يېتىشچە ياردەملىشەي، ھازىر تېرىلغۇ ۋاقتى بولۇپ قالدى .
ـ لېكىن ... مەن سىزدىن بىر ئىككى كۈن ئەمەس، بىرەر سائەت ئايرىلالمىسام،ـ دىدى گۆھەر يەرگە قاراپ قىزارغان ھالدا .
ـ بىز ئۆمۈرلۈك ئايرىلمايمىزغۇ؟ ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە جەم بولىمىز، خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ، ئىككى كۈندىن كېيىن كۆرشەيلى،ـ دىدى ئابدۇللا گۆھەرنى تىنىچلاندۇرۇپ، ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئايرىلىشتى، لېكىن بۇ ئايرىلىشنىڭ ئىككى كۈنلۈك ئەمەس ئۆمۈرلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالىدىغىنىنى ئۇلار خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ھەم ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى، گۆھەر ئۆيىگە كېلىپ ئەتىسى ئەتىگەندىلا دادىسى يەنى ھىلىقى تەرسا چۇس مىجەز بوۋاي پايپاسلاپ يۈرۈپ چۆيۈن چاق سىلىپ تەييالانغان ئېغىر ھارۋىنى ئۆزىنىڭ تېرىلغۇ ئىشلىرىدا ئىشلىتىدىغان كالا ھارۋىسىغا قىتىپ، ھارۋا ئۈستىگە كونىراپ كەتكەن بىر پارچە كىگىز بىلەن بىر پارچە دۇخاۋا تاشلىق كۆرپىنى تاشلىدى ھەم قىزىنىڭ قىشىغا كىرىپ :
ـ بۈگۈن ئانىڭىز بىلەن نۇرمەمەت دوختۇرنىڭ شىپاخانىسىغا بارىسىز، ئانىڭىز سىزگە دورا ئېلىپ بىرىدۇ، ـ دىدى، گۆھەر ھاڭ ـ تاڭ قالدى ھەم دادىسىغا :
ـ نىمىشقا دادا، مەن ئاغرىپ قالمىسام نىمە ئۈچۈن دورا ئالىمەن، مەن ساق تۇرسام، پۇل بۇزمايلى، ـ دىدى .
ـ ياق قىزىم، چوقۇم سىز ھازىر ئىككى قات، سىز بىلمەيسىز ئاياللار مۇشۇ چاغدا ياخشى دورىلارنى ئىچىپ ئۆزىنى ئاسرىمىسا، كېيىن كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ، بۇ چاغدا پۇشايمان قىلغان بىلەن پايدىسى يوق.
شۇنداق قىلىپ ئانا ـ بالا كالا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ نۇرمەمەت دوختۇرنىڭ ھاياتلىق شىپاخانىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، ئالا توپاق پۇشۇلداپ زادىلا ئالدىغا ماڭغۇسى كەلمىگەندەك، ھارۋا ياق ھارۋا ئۈستىدىكى يۈك ئېغىر كەلگەندەك ھەم بۇ رەزىل پىلاننى كۆرگەن ئىككى كىشىنىڭ بىرى بولغان گۆھەرنىڭ ئانىسىنىڭ پىلانىنى بىچىت قىلماقچى بولغاندەك ھە دىسىلا توختاپ ماڭمايتتى، گۆھەرنىڭ ئانىسى ھە دىسە قولىدىكى قامچا بىلەن كالىنى ئۇراتتى، كالا ھەر بىر قامچا تەگكەندە بىر ئاز ئىتتىكرەك ماڭغاندەك قىلاتتى دە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن يەنە ئاستىلايتتى، يەنە قامچا تىگەتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاخىرى «ھاياتلىق شىپاخانىسى» گە يىتىپ كەلدى .
ـ قىزىم كالا ھارۋىسىنى باغلاپ قويغاچ تۇرۇڭ مەن قاراپ باقاي دوختۇر بارمۇ ـ يوق،ـ ئايال شۇنداق دىگىنىچە ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن «ھاياتلىق شىپاخانىسى» گە كىرىپ كەتتى، تەخمىنەن چارەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ گۆھەرنى باشلاپ كىرىپ كەتتى. ئىگىز بوي، ئاق سېرىق كەلگەن يىگىرمە بەش ياشلار ئەتراپىدىكى بۇرۇتلۇق كەلگەن بۇ يىگىتكە كىيۋالغان ئاپئاق خالىتى تولىمۇ ياراشقان بولۇپ، بۇ يىگىتنى تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرسىتەتتى .
ـ ياخشىمۇسىز؟ قىنى ئولتۇرۇڭ، ـ دىدى بۇ يىگىت گۆھەرگە ئۇدۇلدىكى بوش ئورۇننى كۆرسىتىپ .
ـ ھەدە سىلى خاپا بولماي سىرتتا چىقىپ تۇرسىلا، مەن بۇ قىزدىن ئەھۋال سوراپ، ئاندىن سىلى دىگەندەك دورا تەييارلاپ بىرەي،ـ دىدى يىگىت ئارقىدىنلا گۆھەر قىزنىڭ ئانىسىغا قاراپ. ئايال چىقىپ كەتتى، گۆھەر گەپ سۆز قىلمايلا ئولتۇراتتى، دوختۇر يىگىت بۇ قىزنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇراتتى، گۆھەر تۇيۇقسىز بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىگە قاراپ گەپ سۆز قىلمايلا قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ خىجىل بولغىنىدىن تەمتىرەپ قالدى، گۆھەرنىڭ كەيپىياتىنى كۆرگەن يىگىت يەنە قىزغا :
ـ ئانىڭىز دىگەندەك دورا تەييارلاپ بىرەمدىمەن؟ـ دەپ سورىدى، قىز خىيالىدا ئانام ماڭا پايدىلىق دورا ئېلىپ بىرىدۇ دەپ ئويلىدىمۇ

نمه پەرۋاسز:
ـ شۇنداق قلىلك، ـ دىدى .
ـ بۇ سزنىڭ بىرىنچى بالىڭزغۇ دەيمەن، ئەگەر خالىسىڭز مەن سزگە ياردەم قىلاي، سز سالامەت تۇغالايسز .
گۆھەر دوختۇرنىڭ نمە دىگىننى چۈشەنمگەندەكلا ھاڭۋىقىپ تۇرۇپلا قالدى، ئاخىرچە دوختۇر يەنە :
ـ سز بىلمەيسز، ئاتا ـ ئانىڭز سزنىڭ پەرزەنتلىك بولىشىڭزنى خالىمايدىكەن، شۇڭا ئۇلار...
ـ شۇڭا ئۇلار بالا چۈشۈرۈش دورىسى بىلەن بالامنى چۈشۈرۋەتمەكچىكەن شۇنداقمۇ، ـ دىدى گۆھەر ئاچچىقلانغان قىياپەتتە. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەخسىتىنى بىر ئاز چۈشەنگەندەك بولدى، لىكىن ئۇلارنىڭ نىمىشقا شۇنداق قىلىدىغىننى بىلمەي.
ـ ئۆزىڭزنى بىسىۋىلىڭ، مەنمۇ ئاتا ـ ئانىڭزنىڭ نمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغىننى بىلمىدىم، سزنىڭ مسكىن پەرۋاسز چىرايىڭزغا قاراپ سزگە ئىچىم ئاغىردى، شۇڭا راست سۆزنى قىلغاندىم .
ـ رەھمەت سزگە دوختۇر، سزگە نمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار.
ـ ماڭا رەھمەت ئېيتماڭ، مەن دىگەن دوختۇر ئەزرائىل ئەمەس، دورىنى ئالماشتۇرۇپ بىرەي ئۆيىڭزگە قايتقاندىن كىيىن دورىنى خاتىرجەم يەڭ، لىكىن بىر شەرتىم سزگە قىلغان ياردىمىمنى ئاشكارلىماڭ ھەم ئۆيگە بارغاندىن كىيىن ھىچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈڭ .
شۇنداق قىلىپ قەلبى كىيمگە ئوخشاش ئاق نىيەت دوختۇر دورىنى ئالماشتۇرۇپ گۆھەرگە تۇتقۇزدى، ئۇلار قايتار چاغدا دوختۇر گۆھەرنىڭ ئانىسىغا قاراپ :
ـ مەن گۆھەرگە ياخشى دورا بەردىم، خاتىرجەم بولسىلا، ـ دىدى .
بۇ سۆزنى گۆھەرنىڭ ئانىسى باشقىچە چۈشەنمىدى، چۈنكى ئۇ دوختۇردىن قىزىغا بىلىندۇرمەي بالا چۈشۈرۈپ دورىسىنى ئالداپ بىرىشنى ئۆتۈنگەنىدى، لىكىن بۇ دوختۇر ياخشى پەزىلەتلىك ئىنسان بولغاچقا تىخى گۈشكە ئايلانمىغان تۆرەلمىنىڭ رەھىمسىزلەرچە دۇنيادىن يوقلىشىقا چىداپ تۇرالمىدى .
گۆھەر دوختۇرغا نمە دەپ رەھمەت ئېيتشنى بىلەلمەي قالدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەقەت دوختۇرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئوبرازلىرى گەۋدىلەنسە، قۇلىقىغا ئۇنىڭ تەربىيلىرى جاراڭلايتتى .
شۇنداق قىلىپ گۆھەر ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كىيىن دورىنى خاتىرجەم يىدى، ئانىسى بىلەن دادىسى بولسا بالا بۆگۈن چۈشۈپ كىتىدۇ، ھىلى چۈشۈپ كىتىدۇ دەپ تىت ـ تىت بولۇشتى، لىكىن ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ گۆھەردە ھىچقانداق بىر ئالامەت كۆرۈلمىدى، شۇندىلا ئۇلار گۆھەرگە بىرىلگەن دورىنىڭ ئالماشتۇرىۋىتىلگەنلىكىنى ھىس قىلىشتى .
ئارىدىن بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتتى، ئابدۇللا گۆھەرنىڭ يولىغا قاراپ تولىمۇ تىت ـ تىت بولدى، ئۇنىڭدىن زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى، چۈنكى گۆھەر ئىغىر بويى بولغاچقا سالامەتلىكىدىن چاتاق چىقىشىدىن ئەنسىردى، ئۇ ھەرگىزمۇ قىينئاتا ـ قىينئانىسىنىڭ يۇقارقى ئىشلىرىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى، شۇڭا ئۇ گۆھەرنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئىلىپ كەتكىلى بىر ھەپتە بولغان كۈنى ئاخشىمى گۆھەرنىڭكىلەرگە بىرىپ كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىقتى، بۇ بىر ھەپتە جەريانىدا گۆھەرمۇ بەك قىينالدى، ئۇنى قىينىغىنى قانداقتۇر بىرەر كىسەل ئازابى بولماستىن بەلكى ھىجران ئازابى، سىغىنىش ئوتى ئىدى، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەممە پىلانلىرىنى مۇشۇ ھەپتە ئىچىدىكى بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئاڭلاپ قالدى دە چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ئابدۇللادىن ئايرىلىشقا زادىلا كۆزى قىيمايتتى، دۇنيادىكى ھەر قانداق ئەتىۋارلىق نەرسىدىنمۇ ئابدۇللانى ئۈستۈن كۆرەتتى .
ئابدۇللا گۆھەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولدى، ئۇ مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بىرى قەدىرلىك ئايالىنى بەكمۇ سىغىنغانىدى، گۆھەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئابدۇللانى بەكمۇ سوغۇق مۇئامىلە بىلەن قارشى ئالدى، ئابدۇللانىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن بىر قىسمى بولۇپ قالغان بولسىمۇ پەقەتلا چىلىندۇرمىدى، كەچ كىردى ئابدۇللا گۆھەرگە قاراپ :
ـ ئەمدى ئۆيگە قايتامدۇق، ـ دىدى، گۆھەر بولسا مۇشۇ ھەپتىدىن بىرى بولغان ئىشلارنى ئابدۇللاغا ئېيتمىغانىدى، شۇڭا ئۇ نمە دەپ جاۋاپ بىرىشنى بىلەلمەي قايتايلى دىسە دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇنى ئالالىقاچان ئىلىپ بولغان، قايتمايمەن دىسە ئىرى نمە بولۇپ كىتەر، گۆھەرنىڭ كۆزى ياشقا تولدى، بۇ ياش ئۇنىڭ كۆزىدىن ئەمەس قەلبىدىن چىققانىدى، چۈنكى دادىسىنىڭ مىجەزى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان بولۇپ، دىگىننى ھەر قانچە بەدەل تۆلىسىمۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇراتتى، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ھەر قانداق بىر سۆزىگە خوش دەپ ئىتائەت قىلىشتىن باشقا ئاملى يوق ئىدى، شۇڭا تەڭقىسچىلىقتا قىلىپ جاۋاپ بىرەلمەي تۇراتتى، ئاخىرچە ئىشىكتىن ئەمدىلا كىرىپ ئۆيدىكى سۇپىغا جايلىشىۋالغان بوۋاي ئابدۇللاغا جاۋابەن چىرايىنمۇ ئاچماستىن :
ـ سز كىتىۋىرىڭ، گۆھەر يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرسۇن، ـ دىدى، ئابدۇللا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ نمە دىيىشنى بىلەلمەي گۆھەرگە قارىدى، گۆھەرنىڭ كۆزى ياش يۇقى بولۇپ، بىشىنى يەردىن كۆتۈرەلمەي بىر نوقتىغا تىكىلگىنىچە جىمجىت تۇراتتى، ئابدۇللا گۆھەرنى تار يەردە قىستاشنى توغرا تاپمىغان بولغاي، بوۋايغا قاراپ :
ـ بولىدۇ، ئۇنداقتا يەنە بىر نەچچە كۈندىن كىيىن بارسۇن، ـ دىدى دە ئارقىغىمۇ قارىماستىن چىقىپ كەتتى .
قىين ئاتىسىنىڭ بۇ ئىشى ئابدۇللاغا ھەقىقەتەن ئىغىر كەلدى، ئۇ ئۆيدىن قايتىپ چىقىپ يولدا ماڭغاچ خىلمۇ ـ خىل خىياللارنى قىلدى، بەزىبىر خىياللارنى ئويلاپ خۇشال بولسا يەنە بەزىبىر خىياللار ئۇنى چۆچۈتۈپ قويدى، ئۇ كۆڭلىدە قىين ئاتام راستىنلا بىزنى

ئاجراشتۇۋەتمەكچىمدۇ ياكى مىنى ، نىمە دەپ بىزنى ئايرىۋەتتىدۇ، ئۇ شۇ خىياللار ئىلكىدە كىينكى بەختسىز تۇرمۇشى ھەققىدە ئويلاشقا خىيالمۇ قىلالمىدى، ئۇنىڭ قەلبى سىغىنىش ئوتىدىن ئازاپلانسا يۈرىكى ھىجران ئازابىدىن پۇچىلاندى .

شۇنداق قىلىپ ئارىدىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە مەھەللىسىدە جىق ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ لىكىن ئابدۇللا بىلەن گۆھەرنىڭ تۇرمۇشىدا يىڭى بۇرۇلۇش يۈز بىرىۋاتاتتى، ئابدۇللا ئۆز ئۆيىدە يالغۇزلىقتىن قىينالسا، گۆھەر ئۆز ئۆيىدە ئابدۇللاغا ئەمدى قايتا ئىرىشەلمەسلىكتىن ئەنسىرەپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياشلار ئاقتى، ئۇ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى ئېرىق بويىغا چىقىپ سوغا قارىغىنىچە ئابدۇللانى ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان يولدىشىنى خىيال قىلدى، مۇشۇ بىر ھەپتە جەريانىدا ئۇنىڭ كۆزىدىن پەقەتلا ياش قۇرۇمىدى، بىر كۈنى ئۇ ئانىسىنىڭ يالغۇز قالغام ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ:

- ئانا مەن بۇ ئۆيگە كەلگىلى بىر ھەپتىدىن ئېشىپتۇ، ئۆيدە باشقا ئىشمۇ قىلمىدىم، مەن ئەمدى قايتايمىكىن،- دىدى ھىچ ئىشنى بىلمىگەن قىياپەتتە .

- نەگە قايتىسىز؟ سىزنىڭ ئۆيىڭىز مۇشۇ، - دىدى گۆھەرنىڭ ئانىسى قاپاقلىرىنى ھۈرپەيتىپ، دادىڭىز ئەمدى سىزنى ئاجراشتۇرماقچى، ئېرىڭىز بىلەن ئەمدى ئۆي تۇتىمەن دەپ خام - خىيال قىلماڭ .

- نىمە ئۈچۈن؟ ئۇ ماڭا شۇنچە ئوبدان مۇئامىلە قىلىۋاتسا، نىمىشقا تۇرمۇشىمىزنى بۇزماقچى بولىسىلەر،- دىدى گۆھەر كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياشلىرىنى ئىقتىپ، ئۇنىڭ ھازىرقى مۇشۇ ھالىتى يات كىشىلەر كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىراتتى، لىكىن ئانىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش ئورنىغا تەددى بىلەن:

- نىمىشقا - پىشمىشقا دەيدىغانغا سىز كىم؟ سىز دىگەن بىزنىڭ قىزىمىز، سۆزىمىزگە كىرىشىڭىز كىرەك، بولمىسا بىز رازى ئەمەس .

- مەن دىگەن ياتلىق بولغان، مەندىن ئىرىم رازى بولسا بولدى، سىلەر بۇ ھوقۇقنى ئۇنىڭغا بىرىپ بولغان، - گۆھەرنىڭ ئاغزىدىن شۇ سۆز چىقىپ بولغىچە» تاس» قىلغان ئاۋاز بىلەن بىر شاپىلاق ئۇنىڭ يۈزىگە تىگىپ بولدى، يۇمران تىرىسىدە گۆھەرنىڭ دادىسىنىڭ قولىنىڭ ئىزى ئىنىقلا قالغاندى،

- نىمە دەۋاتىسەن، تولا كايىماي بىز دىگەننى قىل، كىرە ئۆيگە،- دىدى بوۋاي يەنە گۆھەرنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ، مۇشۇ كەمگىچە تاياق يىمىگەن قىزغا بۇ شاپىلاق ھەقىقەتەن ئىغىر كەلدى، لىكىن ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرمىدى ھەم كۆز يىشىنى توختاتتى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۆزى ئۈچۈن سۆيۈملۈك، مىھرىبان بولغان بۇ كىشىلەر ئەمەس ئۇنىڭ كۆزىگە ياۋۇز، شەخسىيەتچى كىشىلەردەك كۆرۈندى، شۇندىن بىرى گۆھەر تۈزۈك گەپ سۆز قىلمايدىغان بولۇۋالدى، بۇگۈن ئابدۇللانىڭ ئاتىسى ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئانىسى ئالىيە ھەدىمۇ بىرگە كىلىپ قىزنى قايتۇرۇپ كىتىشكە كەلگەندى .

ئابدۇللامۇ مۇشۇ ھەپتىلەردە گۆھەردىن بەكرەك ئازاپلانغاندى.

- كەلگەنلىرى ياخشى بوپتۇ، لىكىن بىز گۆھەرنى ئاجراشتۇرىۋەتەيلى دەپ ئويلىغان، ئىككى كۈندىن كىيىن ئۇلار توي خىتىنى ئايرىۋەتسۇن، - دىدى گۆھەرنىڭ دادىسى ھىچ گەپ سۆزسىزلا .

- بۇ نىمە دىگەنلىرى قۇدام، بىز دەسلەپتە باللارنى ئۆمۈرلۈك بولسۇن دەپ ۋەدە بىلەن ئۇنىمىغىنىغا قارىماي تويلىدۇق، ئەمدى ئۇلار ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۋاتسا نىمىشقا ... دىدى ئابدۇراخمان ئاكا يۇقارقى سۆزلەردىن نارازى بولغان قىياپەتتە.

- مەن قارار قىلدىم، ئاجراشتۇرىمەن دىدىم ئاجراشتۇرىمەن، - دىدى گۆھەرنىڭ دادىسى يەنە تەرسالىق بىلەن .

- ئاجراشتۇرىمەن دەپلا ئاجراشتۇراملا؟ ئۇلارنىڭ قىساسىدىن، يىڭى تۇغۇلمىغان باللىنىڭ قىساسىدىن قانداق چىقىدىلا، - دىدى ئابدۇراخمان ئاكا قۇدىسىغا سۇئال نەزىرى بىلەن .

- قانداق چىقىشىم بىلەن نىمە كارىلىرى، مەن ئاجراشتۇرىمەن دىدىمغۇ ئاجراشتۇرىمەن .

شۇنداق قىلىپ گەپ چىڭىغا چىقتى، ئىككى تەرەپ باشتا چىرايلىق سۆزلەشكەن بولسىمۇ لىكىن كىيىن بىر - بىرىگە زادىلا يول قويغۇسى كەلمىدىمۇ نىمە ۋارقىراشتى، ھەش - پەش دىگۈچە ئۇلار تۇتۇشۇپ قالدى، گۆھەر بىلەن ئابدۇللا نىمە قىلارنى بىلەلمەي ئۆز ئاتىلىرىنىڭ پىشىغا ئىسىلىپ «بولدى قىلىڭلار، ئۇرۇشماڭلار «دىيىشتىن باشقا ئامال بولمىدى، شۇنداق قىلىپ ئىككى ئائىلە زىدىيەتلىشىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلىغان مەھەللىدىكىلەر يۈگرەپ كىلىپ جىدەلنى بىسىقتۇردى، ئابدۇللالار قايتىپ كىتىشتى، ئۇ قايتقۇچە ئۈن - تىنسىز خىيال ئىلكىدە يۈرۈپ كەتتى .

ئابدۇراخمان ئاكا بولسا ھەدەپ كايىتتى، ئۇ قۇدىسىنىڭ قالغان ئوسالىقىدىن شىكايەت قىلاتتى، ئالىتە ھەدە بولسا ئۇنىڭغا تەسەللى بىرىپ تىنچمۇ ئىغىر - بىسىق بولۇش توغرىسدا نەسىھەت قىلاتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلدى .

لىكىن ئابدۇللانىڭ كۆڭلى كەيندە قالدى. ئۇ راستىنلا گۆھەردىن ئۆمۈرلۈك ئايرىلىپ مەڭگۈ ھىجران ئازاپى تارتامۇ؟ ئۆزى تۇنجى قىتىم چىن دىلدىن سۆيگەن مەھبۇبىدىن ئايرىلىپ بىر ئۆمۈر دەرت، ھەسرەت ئىچىدە ئۆتەرمۇ؟ ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىسا يۈرىكى ئوتتا پۇچىلانغاندەك ئېچىشاتتى. شۇندىن كىيىن بىر نەچچە ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدە ئۇنىڭ كۈنسىرى خامۇشلىشىپ قالغىنى كۆرۈپ زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. ئوغلى ئابدۇللا گۆھەردىن ئايرىلغاندىن بىرى مۇشۇ ھالغا ھۇشۇپ قالغاندى. شۇڭا ئۇلار ئارىسغا يۈز ئابرويلۇق كىشلەرنى ئارلاشتۇردى. ھەتتا ئۆزلىرى بىرىپ قۇدىلىرىدىن يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئۆتۈندى.ئۇلارغا قايتا - قايتا چۈشەندۇردى، لىكىن قەلبى تاشتەك قىتىپ كەتكەن ئاشۇ بىر - جۈپ ئەر - ئايال گۆھەر بىلەن ئابدۇللانىڭ تۇرمۇشىنى بۇزۇشنى

ئويلاپ ھېچ كىشىنىڭ گەپ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى .ھىجران ئازابىنى تارتىۋاتقىنى پەقەت ئابدۇللا بولماستىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان قىزىمۇ كۈنسىرى ئازابلىنىۋاتاتتى. ئەسلىدە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەڭ چوڭ بەختى پەرزەنتلىرىنىڭ خاتىرجەم، ئىناق بەختلىك تۇرمۇشى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس ئۇلار ئۆز پەرزەنتىنىڭ بەختىنى نابۇت قىلىپ بىر ئۆمۈر دەرت ـ پىراقتا مەھكۇم قىلماقچى بولۇشۇپ تۇراتتى. لېكىن بۇ بىر جۈپ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئويىچە بۇنداق قىلىش قىزىغا ھازىرچە خاتا كۆرۈنگەندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى دەپ ئويلايتتى. ئۆزلىرىمۇ بۇ خاتا ئوينى ئەمەلىيەتكە چىقىرىش ئۈچۈن ھېچقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئەنسىرىمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ئارىغا سېلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەم ئابدۇللانىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ گەپ سۆزلىرىگە زادىلا قۇلاق سالماي ئاجراشتۇرۇش ئويىدا چىڭ تۇردى.

گۆھەرنىڭ بۇ كۈنلىرى ئىنتايىن ھەسرەت ئىچىدە ئۆتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئابدۇللانىڭ سىماسى جىلۋىنىپ بىردەممۇ يىراق بولمايتتى، ئۆز تۇرمۇشىنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقچى بولدى، لېكىن ئۇنىڭ دادىسى ئۇسال، مىجەزى چۇس ئادەم تۇرسا قانداقمۇ ئۇنى چۈشەندۈرگىلى بولار دېگەنلەرنى خىيال قىلدى، ئاخىرى ئۇ دادىسىغا يېلىنىپ دادىسىدىن ئۆز تۇرمۇشىنى بۇزماسلىقنى ئۆتۈنمەكچى بولدى.

— دادا ـ دېدى، گۆھەر بىر كۈنى دادىسىنىڭ پۇتلىرىنى تۇتۇۋېتىپ — سىز ماڭا ئامراقمۇ؟.

— شۇنداق قىزىم، سىز نېمە دېمەكچى.

— دادا مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئابدۇللادىن ئايرىۋەتمىسىڭىز، قورسىقىمدىكى ئۇنىڭ بالىسى، بۇ بالا تۇغۇلماي تۇرۇپلا تىرىك يېتىم بولۇپ قالمىسۇن —، گۆھەر شۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ بۇلدۇقلاپ يىغلاپ كەتتى، لېكىن دادىسى گۆھەرگە قاتتىقلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن.

— نېمە دېمەكچىسەن، سەن مېنىڭ قارارىمغا قارشى چىقماقچىمۇ؟ چىرايلىقچە ئاجراشقىلى ئۇنىساڭ بالىنى تۇغقىلى قويىمەن، بولمىسا بۇ بالىنىمۇ يوق قىلىۋېتىمەن — دېدى، گۆھەرنىڭ دادىسى تەرسالىق بىلەن .

دادىسىغا ھېچقانداق گەپ سۆزنىڭ تەسىر قىلمايدىغىنىنى كۆرگەن گۆھەر بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى ئويلىدى. شۇنداق قىلمىسا ئۆز ئائىلىسىنى قوغداپ قىلىشقا زادىلا كۆزى يەتمىدى، بولمىسا دادىسىنىڭ دېگىنىگە كۆنمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

— كەچتە بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىكى جىگدىلىكتە مېنى ساقلاڭ، مەن سىز بىلەن كەچتە كۆرۈشۈپ سىزگە دەيدىغان مۇھىم بىر گېپىم بار

— دېدى، بىر كۈنى گۆھەر ئۆزىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولۇپ كەلگەن ئابدۇللاغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئابدۇللا گۆھەرنىڭ دېگىنى بويىچە شۇ كۈنى كەچتە دادىسى ئابدۇراخمان ئاكا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە ماڭغان ۋاقىتتىن كېيىن ھېچ كىشىگە ئۇقتۇرماي ئۆيدىن چىقىپ گۆھەرنىڭ دېگەن يېرىگە قاراپ يول ئالدى، ئۇ ھېلىقى جىگدىلىككە كەلگەندە گۆھەر تېخى چىقمىغانىدى، ئابدۇللا ئارىدا بىرەر سائەتچە كۈتكەندە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ئۇ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغان تەرەپكە سەپسالدى، ئابدۇللا تەرەپكە قاراپ بىر سايە كېلىۋاتاتتى.

ئابدۇللا كۆڭلىدە گۆھەر، ئۇ ئاخىرى چىقىپتۇ دە دەپ خۇشال بولدى، لېكىن ھېلىقى سايە قېشىغا كەلگەندە بولسا گۆھەر بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ سىڭلىسى ئىدى،

ئاكا ھەدەم سىزنى ساقلاپ قالمىسۇن دەپ مېنى چاقارتتى، دادام ھەدەمنىڭ چىقماقچى بولغىنىنى سېزىپ قالدىمىكىن ئۇنى ئىچكىرىكى ئۆيگە سولاپ قويدى يەنە ھەدەمنى ئۇرغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەستىنلا ئابدۇللا جىددىيلىشىپ كەتتى.

— نېمە، گۆھەر ئېغىر بويى تۇرسا، يەنە ئۇرۇپتىما؟

— مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، ھەدەم سىزنى ھاۋادانىڭ قېشىغا كەلسۇن، شۇيەردە پاراڭلىشايلى دەيدۇ.

گۆھەرنىڭ سىڭلىسىنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەستىن ئابدۇللا ئۇلارنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. گۆھەرنىڭ دادىسى گۆھەرنىڭ بۈنچە كەچتە سىرتقا چىقماقچى بولغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ نەگە بېرىشىنى سورىغان .گۆھەر ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ كەتكەن چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا بىر بوقچا بولۇپ كېيىملىرى چىگىلگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن گۆھەرنىڭ دادىسىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ گۆھەرنى قولىدىكى ھاسىسى بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى ۋە ئىچكىرى ئۆيگە سولاپ قويۇپ ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدا يېتىۋالدى، گۆھەر سىرتقا چىقىشقا ئامال قىلالمىدى. بۇ ئۆيدە سىرتقا قارىتىپ قويۇلغان بىر كىچىك ھاۋادانىدىن باشقا سىرتنى كۆرگىلى بولىدىغان يوچۇق يوق ئىدى. ئابدۇللا ھاۋادانىڭ تۈۋىگە كېلىپ ھاۋادانى ئاستا چەكتى ھاۋادان ئېچىلىپ گۆھەر سىرتقا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىشىپ كەتكەن بولۇپ خېلى بەك يىغلىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئابدۇللانى كۆرۈپ گەپ سۆز قىلالماي بۇلدۇقلاپ تېخىمۇ يىغلاپ كەتتى.ئابدۇللا ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى.

— مېنى ئۆيدىن ئېلىپ كېتىڭ ـ دېدى، گۆھەر يىغلىغان ھالەتتە.

— ماقۇل، سىز ئامان تىمەن خاتىرجەم ياشايىغان ئىش بولسا سىزنى ئېلىپ كېتەي لېكىن ئاتا ـ ئانىڭىزچۇ؟ ئۇلار سىزدىن ئايرىلسا يەنە كېلىپ مەھەللىدىكىلەرنىڭ سۆز چۆچەككە قالسا بولمايدۇ.

— نېمە دەپ سۆز چۆچەككە قالغۇدەك، مەن ئۆز ئېرىمنىڭ كەينىدىن كېتىمەنغۇ ئاتا ـ ئانام مېنىڭ بەختىمنى نابۇت قىلماقچى، مۇشۇ يول بىلەن ئۆز تۇرمۇشىمىزنى تاپايلى.

شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا گۆھەرنى ئېلىپ كىتىدىغان بولدى.
گۆھەر ئۆي ئىچىگە سولىنىپ رىجىمغا ئېلىنىپ بولغاچقا سىرتقا چىقىشقا پەقەتلا بىرلا ئامال يەنى ھاۋادانىنى بۇزۇپ چىقىش كىرەك ئىدى. ھاۋادەننىڭ سىرتقى يۈزى پولات چىۋىق بىلەن قاپلانغان بولغاچقا ھاۋادانىنى تامدىن پۈتۈن ئاجىرتىۋېتىشكە توغرا كىلەتتى. گۆھەر ئۆي ئىچىدە بىر كەكىنى تېپىپ ئابدۇللاغا ئۇزاتتى. ئابدۇللا تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن لايدىن قوپۇرۇلغان قىش تامنى بۇزۇپ ھاۋادانىنى ئېلىپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ گۆھەر دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ھالدا ئۆيدىن قېچىپ چىقتى.
ئۇلار ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە بارمىدى، ئەگەر ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە بارسا يەنىلا خاتىرجەم بولغىلى بولمايتتى، چۈنكى گۆھەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كەتكەندە گۆھەرنىڭ يوقلىقىنى كۆرسە ئۇدۇللا شۇ ئۆيگە بىرىپ تەتۈرلۈك بىلەن پاراكەندىچىلىك سالاتتى، ئۇلار شۇ ماڭغانچە پىيادە ھالەتتە يىگىرمە كىلومېتىردىن چوڭراق مىڭىپ ناھىيە بازىرىغا يىتىپ كەلدى. يول ئازاپى ـ گۆر ئازاپى دىگەندەك بارلىق جاپانى گۆھەر تارتىۋاتاتتى. يول ماڭسا قورسىقىدىكى تۇغۇلىشقا بىر نەچچە كۈنلا قالغان جاننى بىرگە ئېلىپ ماڭماي ئىلاج يوق ئىدى. بۇ كىچىدە بۇ يىراق سەھرادا قانداقمۇ قاتناش تاپقىلى بولسۇن كىچىسى ئەمەس كۈندۈزىمۇ قاتناش تاپماق بەك قىيىن ئىدى، ئابدۇللا گۆھەرنى كۆتىرۋالماقچى بولدى .لىكىن گۆھەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەچلا پەقەتلا قوشۇلماي ئۆزىنى ئۆزۈى تارتىپ مىڭىپ جاپا ـ مۇشەققەتتە يولنى تامام قىلدى. ئۇلار ناھىيە بازىرىغا يىتىپ كەلگەندە ئاللىقاچان تاڭ سۈزۈلۈپ بولغانىدى.
گۆھەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەتىگەندە گۆھەرنىڭ يوقلۇقىنى ھەم ئۆينىڭ ھاۋادىنىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئىشنىڭ تىگىگە يەتتىدە دەرھال ئابدۇللانىڭ ئۆيى يەنى ئابدۇراخمان ئاكىلارنىڭكىگە ئاچچىق بىلەن يىتىپ كەلدى. ئۆيدە ئابدۇراخمان ئاكىمۇ ئوغلىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇراتتى، قۇدىسىنىڭ كەلگەن خەۋىرنى ئاڭلاپ ئۇمۇ ئىشنىڭ تىگىگە يەتتىدە ئۇلارغا تەسەللى بەرگەننى قىلىپ، بوغۇلۇق بوپتۇ.
ئەمدى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئارلاشمايلى، مەن يۇرت ـ خەلقىنىڭ ئالدىدا سىلىگە چاي قۇيۇپ داستىخان سالاي، ــ دىدى، سەمىملىك بىلەن.
كۆتۈرسىلە ئۇنداق داستىخان ـ پاستىخان دىگەننى، خاتىرجەم بولسىلا مەن ھەر قانچە بەدەل تۆلىسەممۇ چوقۇم ئۇلارنى ئايرىۋېتىمەن، ئۇ شۇنداق دىگىنچە ئارقىغىمۇ قارىماستىن چىقىپ كەتتى.
ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدە داڭ قىتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار ئابدۇللا بىلەن گۆھەرنىڭ ئامانلىقىغا ياراتقان ئىگىسى بولغان بۈيۈك ئاللادىن ئامانلىق، دۇئا تىلەشتىن باشقىنى قىلالمايدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ ئۇلارنىڭ يىراقراق يەرگە كىتىپ گۆھەر يەڭگۈگەندىن كيين قايتىپ كىلىپ تۇرمۇشىنى رىتىمغا سېلىشىنى ئۈمىد قىلىشتى.
ئۇلار ئىككىسى ناھىيە بازىرىغا يىتىپ كەلگەندىن كيين ئۆزلىرىنىڭ بەكلا چارچىغانلىقىنى ھىس قىلىشتى ئۇلارنىڭ ئەمدىكى ئىشى بۇ تونۇشسىز ناھىيە بازىرنى ئارلاپ بىر ئىغىز ئىجارە ئۆي تېپىپ ئورۇنلىشىش ئىدى.
ئابدۇللا گۆھەرنى بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىردى، ــ دە: ئەتىگەنلىك ناشتىغا تۇتۇش قىلدى.
ـ سىز مىنى مۇشۇ ئاشخانىدا ساقلاپ تۇرۇڭ مەن بىرىپ ئۆي ئىزدەپ باقاي دىدى. ئابدۇللا تەخسىدىكى ئىسسىق ھور چىقىپ تۇرغان لەغمەننى يىرىمنى تۈگەتمەستىنلا.
ـ ئاۋۋال تائام ئاندىن كالام دىگەن گەپ بارغۇ ئاۋۋال تامىقىڭىزنى يەڭ، كيىنچە بىرگەپ بولسۇن ــ دىدى. گۆھەرمۇ قولدىكى كويىزىنى سىقىنىدىغىچە.
ـ تاماقنى يىگۈم كەلمىدى .ئىشتھايىم تازا ياخشى ئەمەس سىز تاماق يىگەچ مىنى ساقلاپ تۇرۇڭ.
ــ ئابدۇللا بىرە سائەتكە يىقىن ئۆي ئىزلىدى، لىكىن تاپالمىدى.
گۆھەر بولسا تىخىلا ئاشخانىدا ئابدۇللانى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئابدۇللا بولسا ئۆي تاپالمىغىنىدىن تىت ـ تىت بوللاتتى. ئۇ روھسىزلانغىچە يول بويىدىكى بىر بوتكىغا كەلدى، ــ دە: تۇيۇقسىز بوتكا خوجايىنىدىن سوراپ بىقىش خىيالىغا كەلدى.
ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تاغا :ياخشىمۇسىز؟.
ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالام، كىلىپ قاپسىز؟.
ــ مەن يىزىدىن كەلدىم، بىر ئىتىز ئىجارە ئۆي تاپاي دىگەنىدىم، تاپالمىدىم، سىزنى ياردەم قىلامدىكىن دىۋىدىم.
ــ شۇنداقمۇ، دەل جايىنى تېپىپ كەپسەن ئوغلۇم، مىنىڭ ئىجارە بىرىدىغان بىر نەچچە ئىغىز ئۆيۈم بار، سەل كونىراق ئاقارتىپ پاكىز تازلاپ ئولتۇرامسەن .قارىسام تولىمۇ ساددا يىگىتتەك قىلىسەن، ھازىر يىقىن جايدىن ئۆي تاپماق تەس خالساڭ بىزنىڭكىدە ئولتۇر.
ــ رەھمەت سىزگە ــ ئابدۇللا خۇشال بولغىدىن بۇ دۇكانچى بوۋايغا رەھمەت ئېيتتى، ــ ئۇنداقتا ئايالىمنى باشلاپ كىلەي بىرلىكتە ئۆينى كۆرۈپ باقايلى.
گۆھەر تىخىلا ئاشخانىدا ساقلاپ تۇراتتى، ئاشخانىغا كىرگەنلەر تامىقنى يەپ بولغاندىن كيين چىقىپ كىتەتتى ئورۇنغا يەنە باشقا خېرىدارلار كىلىپ ئولتۇراتتى، لىكىن گۆھەر ئورنىدىن ئىككى سائەتتىن ئوشۇقراق مىدىرلىماي ئولتۇردى، گەرچە ئاشخانا خوجايىنى بىرنىمە دىمگەن بولسىمۇ ئۇ ئۆزىچە ئوڭايسىزلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئابدۇللانى كۆرۈپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى دە ئىككىسى بىرلىكتە ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئابدۇللا بىلەن گۆھەر بىر كىچە ئۇخلىماي يول مېڭىپ چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي يەنە ئىشلەشكە كىرىشتى، ئۇلار پېشايۋانلىق كەڭرى كەتكەن سېپتا لاھىيلەنگەن ھويلىنىڭ سول تەرەپتىكى كىچىك ئۆيدە بىر ـ بىرىگە ياردەملىشۋاتاتتى. ئابدۇللا ئۆيدىكى ئەسكى ــ تۈسكى ئىغىر نەرسىلەرنى سىرتقا يۆتكىسە گۆھەر سۇ سېپىپ سۈپۈرۈپ تازلاپ دىگەندەك ھەش ـ پەش دىگۇچە بۇ ئۆينى ياغ قۇيۇپ يالغۇدەك ئۆينى پاقىرتىۋەتتى.شۇندىلا ئۇلار ئۇھ دەپ ئۆزلىرىنىڭ تىنىمۇ چارچىپ كەتكىنى ھىس قىلىشنى لىكىن ئارام ئىلىش ئۈچۈن ئۆي ئىچى تەييارلانمىغان بولۇپ سۇپا ئۈستىمۇ شۇنداق ئىدى.
شۇڭا ئۇلار ئۆي ئىچىنى كىرەكلىك سايمانلار بىلەن جابدۇش ئۈچۈن نەرسە كىرەك ستىۋىلىشقا بازارغا قاراپ يۈزلەندى. بۇ كۈنى بازار كۈنى بولمىغاچقا كوچىدا كىشلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى .يەنە كىلىپ يىڭى تۈتىدىغان ئۆيگە نۇرغۇن نەرسىلەر كىتىدىغان بولۇپ بۇگۇن بۇ نەرسىلەرنى تولۇق تېپشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئەڭ مۇھىم بولغان ئۆي سايمانلىرىدىن كىگىز، كۆپە، يوتقان، چەينەك ...... قاتارلىق بىر يۈرۈش ئادەتتىكى نەرسىلەرنى ستىۋىلىش ئۆي ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاندىن بىر ئاز خاتىرجەم بولدى.
ــ مەن ئۆيگە بىرىپ كىلەي ئىككى كۈندىن كىين كىلىمەن،ــ دىدى. ئابدۇللا گۆھەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ بولدۇ، تىزراق كىلىڭ بۇ يەردە مەن ھىچقانداق بىر كىشنى تونۇمايدىكەنمەن شۇڭا قورقۇپ قالدىكەنمەن.
قورۇقماڭ، مەن سىزگە كىرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بىرىپ قايتىمەن. سىرتقا مۇھىم ئىش بولمىسا چىقماڭ، ئۇلار مەڭگۈ ئايرىلىپ كىتىدىغان بىر ـ بىرىدىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەي قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋىلىشتى.
ــ ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ياخشى دەم ئىلىڭ ـ ئىدى، ئابدۇللا گۆھەرنىڭ قولىنى تۇتقان ھالەتتە.
ــ سىزمۇ شۇنداق، تىز قايتىپ كىلىڭ.
شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا ئۆيگە قاراپ يول ئالدى. ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئاليە ھەدە ئوغلى ئابدۇللانى كۆرۈپ خۇرسەن بولۇشتى، گۆھەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىكەنلىكنى بىلىپ خاتىرجەم بولۇشتى، ئۇلار ئوغلى بىلەن سالام سائەت قىلشقاندىن كىين ئوغلىغا جىنىم بالام، كۆڭلۈڭنى چۈشۈنىمىز، كۆڭلۈڭنى دەپ ئادەمگەرچىلىكنى بىر ياققا قايرىپ قويمايلى. بىز گۆھەر قىزنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن تويلاپ ئەكەلگەن ئىزەت ـ ئابرويىڭ بىلەن توي قىلغان. گۆھەر سىنى دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنى بىلەن ئاتا ـ ئانىسى خاپا بولۇپتۇ. كىينكى تۇرمۇشۇڭلارغا تەسىر يەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ دادىسنىڭ رازىلىقى بىلەن يەنە قايتۇرۇپ كىلەيلى. ئۇلار بىزدىن خاپا بولۇپ قالمسۇن ـ دىدى، ئابدۇراخمان ئاكا تەربىيە قىلىپ، ئابدۇللا بىردەم ئويلانغاندىن كىين،
ـ دادا، مەنمۇ ئۇنى ئىلىپ كىتەر چاغدا ئىككىلەنگەن لىكىن شۇنداق قىلماي باشقا ئامال بولمىدى، سىز ئويلىغاننى مەنمۇ ئويلىغان لىكىن بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلىپ ھىجىران ئازابى تارتىشتىن قورقۇپ شۇنداق قىلدۇق. بىرەر ئاي ۋاقىت ئۆتسۇن ئاندىن ئۆيگە ئاپىرىپ دادىسدىن رازىلىق ئىلىپ تۇرمىشمىزنى قايتىدىن باشلايلى ـ دىدى.
شۇنداق قىل بالام. ھازىر ئاپارساڭ قىين ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئاچچىقى كىلىپ تۇرغان چاغداا جاھىللىقى تۇتۇپ قالمسۇن كىينچە بىرگەپ بولار ـ دىدى. ئاليە ھەدە ئوغلىنىڭ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر ئايدىن كىين گۆھەرنى ئۆيگە ئاپىرىپ قايتىدىن ياندۇرۇپ كەلمەكچى بولۇشتى.
گۆھەر ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كىين گۆھەرنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى بارغانسىرى ئاچچىقلىنىشتى. قىزلىرىنىڭ قىلىقسىزلىكىدىن داتلانسا كىيئوغلىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئاغرىنىشاتتى ئۇلارچە بولسا گۆھەر بىلەن ئابدۇللا ئۆزلىرىنىڭ سۆزىگە كىرىپ چىرايلىق ئاجىرشىپ قورساقتىكى ئاشۇ تۇرەلمىنى رەھمسىزلەرچە قايسىبىر دوختۇرخانىنىڭ خالاسىغا گەندە بىلەن تاشلىۋەتكەن بولسا خۇشال بولاتتى. ئۇلارنىڭ پەرزەتلىرى دىگەن يىرىدىن چىقماي ئۇلارنىڭ دىلىنى رەنجىتۋاتاتتى، لىكىن ئۇلارنىڭ ئارتۇقچە ئويلىنىپ پەرزەتلىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۋاتقانلىقنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرگۈزۈشمىدى. پەرزەنت ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرەك پارسى ئۇلارنىڭ كىلەچەكتىكى يۆلەنچۈكى ئۇلار دىگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۈمدى. دۇنيادىكى ئەڭ زور خۇشاللىغى ئىدى لىكىن ئۇلار پەرزەتلىرنىڭ خۇشاللىغىنى ئەمەس ئۆز خۇشاللىغىنى يوقىقا چىقاۋاتقانلىقىنى ئەسلەپمۇ قويغۇسى كەلمدى. پەرزەنتلىرىنىڭ ئائىلىسى خۇشاللىق ھەم ئىناقلىق ئىچىدە ئۆتسە ئۇلارمۇ خاتىرجەم بولۇشى كىرەك ئىدى چۈنكى پەرزەتلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ئائىلىسى خاتىرجەم بولمىسا ئۆزلىرىگىمۇ ئارام بولمايتتى.پەرزەتنىڭ بەختتى ـ ئىنسانىنىڭ ئەڭ زور خۇشاللىغىنىڭ بىرى ئىدى، لىكىن گۆھەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى خاتا پەرەزلىرى بىلەن ئۇلارنى ئۆمۈرلۈك ئوتقا تاشلىماقچى بولغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمدى.
ئابدۇللا شۇلارنى ئويلاپ بەكمۇ ئازاپلاندى. ئۇلارغا ئۆز قەلبىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى، لىكىن قانداق چۈشەندۈرۈش كىرەك يەنە كىلىپ ھازىر گۆھەر ئۆيدىن قىچىپ چىقتى بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئابدۇللاغا تىخمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەن تۇرسا ئۇنىڭ گىپىنى تىڭشارمۇ؟
شۇندىن كىين گۆھەرنىڭ دادىسنىڭ جاھىللىقى ئەۋجىگە چىقتى .ئۆيدە يۈزبەرگەن كىچىككىنە ئادەتتىكچە ئىشلارغىمۇ چىچىلىدىغان بولۇپ قالدى. كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقنىڭ ھەممىسى گۆھەر بىلەن ئابدۇللادىن يەنى ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىلىرىدىن كىلىدىغاندەك ھەممە ئىشنىڭ سەۋەپچىسى ئاشۇلاردەك ھەدىسلا ئۇلارنىڭ ئاچچىغىدا بىر نەچچە كۈن ئاچلىق ئىلان قىلىپ تاماق يىمدى، شۇنىڭ بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يىتىپ قالدى.
ئۇ پەرزەتلىرىنى ئازاپلىغاندىن سىرىت ئۆزىنى ـ ئۆزى ئازاپلاپ قىيناۋاتاتتى. ئانىسى ـ دىدى، بىر كۈنى ئايالىغا قاراپ ـ سىلى قانداق قىلسلا گۆھەرنى قايتۇرۇپ كەلسلە مەن ئۇنى ھاياتلىقمدا ئاجراشتۇرۇۋەتمىسەم ئۆلسەممۇ گۆردە خاتىرجەم ياتالمايمەن.

- ئۇلارنى قەيەردىن تاپىمەن - دېدى ئايال پەرۋاسسىزلا.
- ئابدۇللا ئۆز - ئۆيگە پات - پات كىلىپ تۇرىدىكەن، سەن ئامال قىلىپ ئۇنىڭ كەينىگە چۈشسەڭ ئۇلارنى تاپالايسەنغۇ؟ - دېدى بوۋاي تىرككەندەك ئاچچىقلىنىپ.
- نىمىگە تىركىللا؟ بولدۇ. ئۇلارنى تىپىپ كىلەي - دېدى ئايال ئارتۇقچە گەپ قىلماي.
بۇگۈن ئابدۇللا ئۆز ئائىلىنىڭ يىنىدىن كىلىپ ئۇنىڭغا كىرەكلىك كىيىملىرىنى ئەكىلىش ئۈچۈن ئۆيگە كەلدى، ئۇ ئۆز ئۆيىدە ئابدۇراخمان ئاكا، ئالىيە هەدە هەم ئۆزىنىڭ سىڭلىسى سەنۇبەر، مىھرىبان قاتارلىقلار بىلەن خۇشال خۇرام كۆرۈشتى.
ئۇلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى. ئابدۇللا ئۆيدىن ئايرىلغاندىن كىيىن ئۇنىڭغا كىرەكلىك نەرسىلەرنى بىركۈنى ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى يەتكۈزۈپ بەرسە يەنە بىر كۈنى كۆيۈمچان سىڭلىلىرى سەنۇبەر بىلەن مىھرىبان يەتكۈزۈپ بىرىپ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى، قىرىنداشلىقنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۋاتاتتى.
ئابدۇللا ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قانچىلىك دەرىجىدە جان كۆيدۈرىدىغانلىقى يەنە بىرقېتىم چۈشۈنۈپ يەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن ئاتا - ئانىسنى يوقلاپ كەلگەچ ئائىلىنىڭ كىيىم - كىچەكلىرىگە كەلگەندى.
- ئاكا، گۆھەر هەدەم بىلەن قانداق ئۆتىۋاتىسەن - دېدى سەنۇبەر ئاكىسىغا: ئابدۇللانىڭ تۆت سىڭلىسى بولۇپ سەنۇبەر ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئىدى،ئۇ ئاكىسىغا بەكلا ئامراق بولۇپ مۇشۇ كەمگىچە ئاكىسىدىن بىرنەچچە كۈنلۈك ئايرىلىپ باقمىغاندى. بۇ قېتىم ئاكىسى بىرنەچچە كۈن ئۆيدە بولمىغانغا ئۇ بەكلا سېغىنغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئاكىسى ئۇنىڭغا هەممىدىن مۇهىم ئىدى. ئاكىسىنى بىردەم كۆرمىسە چىداپ تۇرالمايتتى. بۇ چىقىشالماسلىق قانداقتۇر بىرخىل ئۆچمەنلىك بولماستىن بەلكى بىر - بىرىگە بولغان هەددىدىن زىيادە ئامراقلىق ئىدى. بەزىدە ئاكىسى ئەكىلىپ قويسا تىرىكىپ كىتەتتى، بەزىدە ئاكىسى تىرىكەتتى. هەرنىمە بولمىسۇن ئۇلار ئىجىل ئىناق قىرىنداشلار ئىدى.
- ياخشى ئۆتىۋاتىمەنغۇ - دېدى ئابدۇللا سىڭلىسىغا قاراپ.
- ئاكا ئۇنى ئوبداق قەدىرلىگىن ئۇ ياخشى ئايال، ياخشى كىلىن.
- نىمە هەدىسلا ئۇنىڭ ياخشى گىپىنى قىلىپ مىنى نىمە دىمەكچىسەن.
- سەن ياخشىمىدىڭ، سەنغۇ ئوبدان ئەمەس.
- ئۇنداقتا سىنىڭ ياخشى ئاكاڭ كىم؟
- ساڭا دەپ بەرمەيمەن.
- ئۇنداقتا سىنى ئۇرىمەن.
- ئاكامغا دەيمەن، ئۇ سىنى ئۇرۇپ بىرىدۇ.
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىدىن ئۆزلىرى كۈلۈشۈپ كەتتى .قىرىنداشلىق مىھىر - مۇھەببىتى شۇنداق بولاتتى. كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى تۇرلۇك مىھرى - مۇھەببەتتىن ئەڭ ساپ، ئەڭ سۈزۈكى پەقەت قىرىنداشلىق مۇھەببىتى بولۇپ ئۇ ئەبەدى سۇلمايدۇ، مەڭگۇ ئۆچمەيدۇ، سەنۇبەر ئاكىسى ئوڭشىسىزلىققا ئۇچراۋاتقا مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا تىخمۇ كۆيىندىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىدەك قىيدىشىپ يۈرمەيتتى.
ئابدۇللانىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا تىخمۇ يىقىن بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئابدۇللانى تىخمۇ ئازاپلانمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ سۆز قىلمايتتى.
ئۇ ئۆيدىكىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئائىلى گۆھەرنىڭ قىشىغا ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا گۆھەرنىڭ قىشىغا كىرىشىگە ئۆينىڭ ئىشكى چىكىلدى. گۆھەر بىرىپ ئىشكنى ئىچىپ داڭ قىتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئانىسى پەيدا بولغاندى. ئەسلىدە بۇ ئايال ئۆز ئىرىنىڭ جاهىللىقىنىڭ تىخمۇ ئەۋجىگە چىقىپ ئورۇن تۇتۇپ يىتىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئابدۇللانىڭ پىيىگە چۈشكەن لىكىن ئۇلارنى تاپالمىغاندى. بۈگۈن ئۇ يولدا ئابدۇللانى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالدى - دە ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگەندى.
- نىمە مىنى ئۆيۈڭلارغا باشلىمامسىلەر؟ - دېدى ئايال گۆھەرگە ئالايغىنچە.
- قىنى ئاپا ئۆيگە كىرسىلەر! تىنچ - ئامان كەلدىڭىزمۇ؟ - دېدى :ئابدۇللا گۆھەرنىڭ هاڭۋىقىپ تۇرۇپ قالغىنى كۆرۈپ قىيىن ئانىسى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.
ئابدۇللا بىلەن گۆھەر ئانىسنى كۆرۈپ تەمتىرىگەندىن نىمە قىلارنى بىلەلمەي هۇدۇقۇپ كەتتى. ئابدۇللا دەرهال ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ داستىخان تەييارلاشقا گۆھەرنى تاماققا تۇتۇش قىلىشقا كىرىشتى.
- بولدى تاماققا تۇتۇش قىلماڭلار! مەن ئالدىراپ كەلگەن.
- نىمىگە ئالدىرايلا ئاپا. ئاران كەلگەنلىرىدە تاماق قىلمىساق قانداق بولىدۇ،- دېدى. ئابدۇللا قىيىن ئانىسىغا جاۋابەن.
- قىيىن ئاتىلىرى ئاغرىپ قالدى، كىسىلى ئىغىر تۇرىدۇ شۇڭا گۆھەرنى ئىلىپ باراي دەپ كەلدىم.
گۆھەر بىلەن ئابدۇللا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىر - بىرىگە قاراشتى. پەرزەنت دىگەن ئاتا - ئانىغا ۋاپادار بولۇشى كىرەك. ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ ئاززۇلىرىنىڭ بىرى ئاتا - ئانىنىڭ بىشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇلارنى كارغا كىلەرمىكىن دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ گۆھەر ئانىسى

بىلەن قايتتى، ئۇ يولدا كىتىۋىتىپ يەنە خىيالغا پاتتى، ئەگەر بۇ يەنە دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قويۇۋاتقان ئويۇنلىرى بولۇپ قالمىسۇن؟ ئۇلار ئاغرىق ھىيلىسى بىلەن ئۇلارنى ئايرىۋەتمەكچىمدۇ؟ گۆھەر خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن قورۇقتى .

ئۇ ئابدۇللادىن ئايرىلىپ قىلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. ئۇ شۇنداق چىرماش تىگى يوق خىياللار ئىچىدە ئانىسىغا گەپ سۆزمۇ قىلماستىن ئۆيگە يىتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىشكىلا ـ ھۇ ۋاپاسىز ـ دادىسىنىڭ كالتەك ئاستىدا تاياقتا يەم بولدى.

گۆھەرنىڭ تاياق ئازابىدىن چىقىراشلىرى ئۇنىڭ سىڭلىسى بۇ يەرگە سۆرەپ كەلدى ـ دە: دەرھال دادىسىنىڭ قولدىكى كالتەككە ئىسىلىپ: ـ دادا بولدى قىلىڭ، ئاچام ئىغىر بويى تۇرسا بۇنداق ئىغىر تاياقتا قانداقمۇ بەرداشلىق بىرەلەيدۇ، ـ دىدە ئانىسىغا بۇرۇلۇپ: ـــ سىز نىمانچە باغىر تاش دادامنى تۇتۇۋالسىڭىز، ئالدىنى توسىڭىز بولمامدۇ. ـ دىگىنچە يىغلاپ كەتتى.

گۆھەرگە قارىغاندا ئۇنىڭ سىڭلىسى بىرئاز جانلىق بولۇپ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ خاتالىشىش ھەرىكەتلىرىگە دەل جايىدا قارشىلىق قىلالايتتى. دادىسى ھەرقانچە جاھىل بولسىمۇ بۇ قەيسەر قىزى بىلەن تەڭ بولمايتتى. ئۇ ھەدىسىنى ئۆيگە ئەكىرىپ ئۆينىكىنى ئۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى گۆھەرنى پاختىدەك يۇمشاق، ئاپئاق بەللىرى ئاللىقاچان كۆكىرىپ قاناپ كەتكەندى، ئاچا دەپلا گۆھەرنىڭ بوينىغا ئىسىلدى، ئىككىسى بىر ھازاغىچە يىغلاشتى. گۆھەرنىڭ سىڭلىسى گۆھەرگە ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىغان بولسا گۆھەر ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىك تەدبىرسىزلىك قىلىپ قويغىدىن يىغلايتتى. ئۇ ئىلگىرى دادىسىدىن تاياق يىيىش ئەمەس بەلكى يامان گەپمۇ ئاڭلىمايتتى. لىكىن مۇشۇ كۈنلەردە ھەدىسىلا دادىسى ئۇنى تىلايدىغان ھەتتا ئاچچىقىنى باسالماي تەلۋىلىكى تۇتسا ئاچچىقىنى گۆھەردىن چىقىرىدىغان بولۋالغاندى.

شۇنداق قىلىپ گۆھەر بىلەن ئابدۇللا بىر ـ بىرىدىن يەنە ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ سىغىنىش ئىچىدە ئۆتىدىغان ھىجرانلىق ئازاپلىق كۈنلىرى يەنە باشلاندى. گۆھەر ئۆز تۇغىتىنىڭ يىقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ ئابدۇللانى كۆپ ئەسلايدىغان سىغىندىغان بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ ئىلگىرىكى قىتىم ئايرىلغاندىمۇ بەكرەك ئازاپلىق جىمغۇر بولۇپ قالدى. بۇ كۈنلەر ئابدۇللاغىمۇ ئىغىر كەلدى. قىيىن ئانىسى ئۆيگە كەلگەندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ گۆھەردىن يەنە ئايرىلىپ قالدىغانلىغا كۆزى يەتكەن لىكىن ئاتا ـ ئانا، بالا ئوتتۇرسىدىكى مىھرى مۇھەببەتكە ھۆرمەت قىلىپ گۆھەرنىڭ بىرىشىغا قوشۇلغاندى. ئۇ بۇنداق ئازاپلىق كۈنلەرگە قىلىشنى ئويلىمىغاندەك ئىش قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى. لىكىن ھازىر پۇشايمان قىلغانىنىڭ نىمە پايدىسى ھازىرقى بىردىنبىر ئامال ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرلىكتە گۆھەرنىڭ ئائىلىسىگە بىرىپ ئۇلارغا ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىپ يىلىنماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. ئۇ بۇ قىتىم يەنە بىرىشقا تۇتۇش قىلدى.

ـ قۇدام بولغۇلۇق بولدى، ئەيىپ بىزنىڭ ئوغۇلدىن ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭغا مەن تەربىيە قىلاي نىملا دىگەن بىلەن ئۇ تىغى بالا ئەمەسمۇ بىز ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلا ئۇلارنىڭ قىلغان ئەقىلسىزلىكلىرنى كۆتۈرۈپلا جىقپاسىنى تارتىپ ياشايدىكەنمىز شۇڭا مۇشۇ ئاخىرقى قىتىم سىلدىن ئۆتىنىدىغىنىمىز باللارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويساق ـ دىدى. ئابدۇراخمان ئاكا ئۆز قۇدىسىنىڭ ئۆيىدە قۇدىسىغا ناماقۇل بولغان ئادەمدەك ئۇ مۇشۇ چاغقىچە باشقىلارغا يىلىنىپ ئۆتۈنۈپ باقمىغان، لىكىن پەرزەنتلىرىنىڭ بەختى ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرى قىلغاندى.

لىكىن گۆھەرنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇندىمەي جىم تۇرۋالدى، ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ قىلغان سۆزلىرى جاۋاپسىزلا قالدى. ئابدۇللا بىلەن گۆھەرنىڭ ئىناق ئائىلىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بولمىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەنە ھىجران ئازابى ئىچىدە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى .گۆھەر بىلەن ئابدۇللا بۇ كۈنلەرگە زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. بولۇپمۇ گۆھەرنىڭ ئاي كۈنىنىڭ يىقىنلىششى ئۆز ئىرىگە بولغان سىغىنىشى ھەسلەپ ئاشۇرۋەتتى. ئۇ دادىسىغا قايتا ـ قايتا يىلىنىپ باققان بولسىمۇ ئۇنىڭ جاۋابى ئازار ۋە قاتتىق ھاقارەتلەر بولدى. بوۋاي ئۆز قىزىنى ئەردىن چىقىرىۋىلىش ئۈچۈن ھەرخىل قاتتىق ھاقارەتلەر بىلەن گۆھەرنى ئازاپلايتتى. گۆھەر بۇنىڭغا ئەسلا چىداپ تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئۆيدىن يەنە قىچىپ چىقىش قارارىغا كەلدى. لىكىن قانداق چىقىش كىرەك. دادىسى بىلەن ئانىسى كۈندەدىگۇدەك ئۇنىڭدىن ئايرىلماي بىللە يۈرسە ھەتتا ئۆز ئىرى ئابدۇللا بىلەنمۇ كۆرۈشۈشكە يول قويمىسا قانداق قىلىش كىرەك؟ پەقەت ئابدۇللا بىلەن ئاجرىششقا قوشۇلغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بىرىلەتتى. بۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى بىردىن چارە ئىدى.

گۆھەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى گۆھەرنىڭ ئاجرىششقا قوشۇلغىنى ئاڭلاپ بەكلا خۇشال بولدى. گۆھەرنىڭ ئاغزىدىن مەن ئاجرىشىپ كىتىمەن دىگەن سۆز ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا باشقىچە ئۈمىد بىغىشلىغاندەك بولدى.

ـ ئەمدى ئەقلىڭنى تىپىپسەن قىزىم مەنمۇ سىنى ئويلاپ شۇنداق قىلغان بۇگۈندىن باشلاپ ئاجرىشىپ بولغىچە قەيەرگە بىرىپ كەلگۈڭ كەلسە بارغىن پەقەت ئابدۇللانىڭ ئائىلىسىدىن يىراق بولساڭلا بولدى، ـ دىدى. بوۋاي خۇرسەن بولۇپ.

شۇندىن كىيىن بىرنەچچە كۈن جەريانىدا گۆھەر راستىنلا ئەركىنلىككە چىقىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ھازىر ئاتا ـ ئانىسىدىن تىل ـ دەشنەم دىگەنلەرنى ئاڭلىمىدى. لىكىن يەنە شۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئابدۇللانىڭ سىماسى پەقەتلا ئۆچمىدى ئۇ بىر كۈنى دادىسىغا:ـ مەن بۈگۈن يىزا بازىرىغا بىرىپ كىلەي ـ دىدى.

ــ بولىدۇ. بىرىپ كىلىڭ. لىكىن كەچ قالماي قايتىپ كىلىڭ. گۆھەر بازارغا باردى، كۈن چۈش بولىشىچە بازار ئايلاندى. ئۇنىڭ قورسىقى تومپىيىپ چىققان بولۇپ ئۆزى بىلەن يەنە بىر جاننى ئىسسىقتا كۆتىرىپ يۈرمەك ئۇنىڭغا خىلىلا قىيىنغا چۈشتى. قورساقتىكى تۆرەلمە جان ھالىتىگە كىرگەن بولۇپ قاراڭغۇلۇقتىن يوروقلۇققا چىقىپ كەتكۈسى كەلگەندەك تىپىرلاپ قاياتتى. گۆھەر شۇنداق چاغلاردا يەنى ئاچچىق تولغاق يۇتۇپ يۈرگەندە ئۆز پەرزەنتىنىڭ دۇنياغا كىلىۋاتقانلىغىنى ھىس قىلىپ تارتقان جاپالىرى بىلىنمەي قالاتتى.

بۆگۈن ئۈنىڭ تولغىقى تىخمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئۇ ئاچچىق تولغاق يۈتۈپ بىر جايىنى تىپىپ ئولتۇردى. ئىنىڭ كۆز ئالدىدا يەنىلا ئابدۇللا يارقدى .ئۇ ئاخىرى ئورنىدىن تۇردى ـ دە ھېچ نەرسىنى ئويلىماي ئابدۇللانىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.دەرۋازىنىڭ يەڭگەل چىكىلىشى ئابدۇللانى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ پىيشايۋانلىق كەڭرى ھويلىدا ياغاچ سۇپا ئۈستدە تامغا

يۆلەنگەچ خىيالغا چۆمگەندى .ئۈنىڭ خىيادا گۆھەرنىڭ سىماسى ئىككىسىنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ بىرگە بولغان شىرىن چاغلىرى. بىر ـ بىرىدىن قىيىدىشىپ قالسا ئۆز ـ ئارا بەزلەشكەنلىرى جىلۋىلىنىپ ئۈنىڭغا ھاياتىنىڭ تەمىنى بەختىنى تىتتىسا كىينىكى كۆرۈنىشلەرنى ئۈنىڭدىن ئايرىلغاندىكى يالغۇز ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنى ھاياتتىن ئۈمدىنى ئۈزۈپ مەنىسىز تۈيۈلاتتى.ئۇ شۇنداق چاغلاردا ھەتتا ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولاتتى، لىكىن زادى قانداق قىلىش كىرەك. ئۇ شۇلارنى خىيال قىلۋاتقاندا دەرۋازىنىڭ چىكىلگەن ئاۋازى ئۇنى ئاشۇ شىرىن ۋە ئازاپلىق خىياللار ئىلكىدىن ئىلىپ چىقتى. ئۇ كۆز ئالدىدا گۆھەرنىڭ پەيدا بولغىنىنى كۆرۈپ ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. چۈنكى ئۇ قىينىئاتىسىنىڭ گۆھەرگە قىلغان مۇئامىلىسىنى ئوبدان بىلەتتى. گۆھەر نەچچە ۋاقتىن بىرى قاتتىق رىجىمغا ئىلىنغان بولۇپ ئابدۇللانىڭ يىنىغا كىلىش ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ ئۆيدە سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن قىينچىلىقلارنى تارتىشقا توغرا كىلەتتى. شۇڭا ئابدۇللا ئۇنىڭ ئەمدى ئۆزىنىڭ بوسوغىسدا پەيدا بولۇپ قالغىنىغا پەقەتلا ئىشەنمىگەن بولسىمۇ لىكىن چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇ گۆھەرنى ھەققەتەن سىغىنغاندى.

نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئەھۋالىڭىز قانداق بولدى.ـ دىدى.

ئابدۇللا گۆھەرنى ئۆيگە باشلاپ بەللىرنى قۇچاقلىغان ھالەتتە سىزنىڭچە قانداق ئۆتكەندۇ؟ـ دىدى، گۆھەر كۆزلىرىگە ياش ئىلىپ، ـ سىزنى ھەققەتەن بەك سىغىندىم.

ـ مەنمۇ شۇ، شۇڭا يەنە بىر قىتىم تەۋەككۈل قىلىپ ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم. ئىككىسىنىڭ نەچچە ۋاقتىن بىرى بىر ـ بىرىگە بولغان سىغىنىشلىرى، تەشنالىرى ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم يىپىشتۇردى، ئۇلار بىر ـ بىرىنى بىر نەچچە يىل كۆرمىگەن ئاشۇق ـ مەشۇقلاردەك بىر ـ بىرىگە چىڭ يىپىشتى .

بۇ قىتىم گۆھەر ئۆز ئۆيدىن ئابدۇللانىڭ قىشىغا يىنىپ كەلگەندىن كىيىن ئۇلار ئابدۇللارنىڭ مۇشۇ ئۆيدىلا تۇردى.

ئۇلار ئۆز ئاتا ـ ئانىسدىن قېچىپ باشقا بىر يەرگە كەتسە نەگىمۇ كىتەر، ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپ دىھقان ئائىلىسدىن چىقىپ باقمىغان يۇرت كۆرمىگەن تۇرسا كىينكى تىرىكچىلىك يولىنى قانداق تىپىشنى بىلەلمەي ئۆز ئۆيدىن سىرتقا چىقماي گۆھەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسنى ئۆز مۇھەببەتلىرى بىلەن قايىل قىلىشماقچى بولۇشتى، ئۇلارچە بولغاندا پەقەت قورساقتىكى ئاشۇ تۆرەلمە دۇنياغا كەلسىلا گۆھەرنىڭ دادىسى ئۇلارنى ئاجىراشتۇرۋەتمەسلىكى مۇمكىن ئىدى، ئۇلارنىڭ مۇشۇ چاغدىكى كۈنلىرى بىر ـ بىرىگە ھەمرا بولۇش بىلەن ئۆتتى، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى، يەنە كىلىپ گۆھەرنىڭ ئاي كۈنى يىقىنلىشىپ قالغان بولغاچقا ئۇ ئابدۇللانىڭ كۆپرەك ھەمراھ بولۇشىغا، كۆيىنىشىگە مۇھتاج ئىدى، شۇ سەۋەپتىن ئابدۇللا گۆھەردىن ئايرىلماي بىر ئايچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى، بىر كۈنى ئابدۇللا گۆھەرگە :

ـ بۈگۈن بازار كۈنى، پارچە ـ پۇرات سودىلىق خىلى كۆپىيىپ قاپتۇ، بازارغا بىرىپ كىلەي، دىدى .

ـ ياق، بارماڭ ماڭا ھەمراھ بولۇڭ.

ـ لىكىن ...مەن بالدۇر يىتىپ كىلەي، گەپ ئاڭلاڭ سىزگە ھەم تۇغۇلماقچى بولغان بالىمىزغا نەرسە كىرەك سىتىۋلىپ كىلەي .

ئابدۇللا بازاردىن ئايالىغا، ئۆيگە ۋە تۇغۇلماقچى بولغان پەرزەنتىگە كىرەكلىك نەرسىلەرنى سىتىۋلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى دە ئىشكتىن كىرىپلا ئاتا ـ ئانىسى بولغان ئالىيە ھەدە بىلەن ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ قىشىغىمۇ كىرمەستىن ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيى ئالدىغا كىلىپ :

ـ مەن قايتىپ كەلدىم، گۆھەر ئىشكنى ئىچىڭ.ـ دىدى .

ئۆي ئىچىدىن ھېچ بىر سادا چىقمىدى، ئۇ ئىشكنى ئىچىپ كىرىپ ھەيران بولغىنىدىن تۇرۇپلا قالدى، چۈنكى ئۆي ئىچىدە گۆھەر ئەمەس ئۈنىڭ كىيىم ـ كىچەك، نەرسە ـ كىرەكلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى .

ئۇ ئۆي ئىچىدە نىمە قىلارنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى، چۈنكى ئۇ ئۆي ئىچىدىكى ئالامەتلەرگە قاراپ گۆھەردىن يەنە ئايرىلغانلىقنى قىياس قىلىپ پەرىشان بولدى .

ـ ئاكا...ـ دەپ سىرتتىن ئابدۇللانىڭ سىڭلىسى سەنۇبەر بىلەن مىھرىبان يىغلاپ كىرگىنىچە ئابدۇللانىڭ بوينىغا ئىسىلدى.

ـ نىمە بولدى...يىغلىماڭلار!

ـ ئاكا، گۆھەر ھەدەم ئۇ...دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي قالدى ئابدۇللانىڭ سىڭلىسى سەنۇبەر.

ـ گۆھەر ھەدەمنىڭ دادىسى ئۆيگە كىلىپ ئۇنى ئالدىغا سىلىپ كەتتى، دادام بىلەن تۇتىشىپ قالغىلى تاسلا قالدى، ئۇلار خىلىلا سەتلىشىپ قالدى .

ئابدۇللانىڭ بىشىدىن بىر چىلەك سوغۇق سۇ قويغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئابدۇراخمان ئاكا، ئالىيە ھەدە، سەنۇبەر، مىھرىبان، ئابدۇللا قاتارلىق بىر ئائىلە كىشلىرى ئۆز قۇدىسى بولغان گۆھەرنىڭ دادىسنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىگە نىمە قىلىشنى، نىمە دىيىشنى بىلەلمەي ئاچچىقلىرىنى بوغۇزىغا سۇنماي ئامالى بولمىدى.

گۆھەر ئابدۇللانىڭ قىشىغا قايتىپ كەلگەن كۈنى يەنى  دادىسىغا «بازار بىرىپ كىلەي» دەپ قويۇپ ئىككىنچى قىتىم ئۆز ئۆيىدىن قىچىپ چىققان كۈندىن باشلاپ گۆھەرنىڭ دادىسىنىڭ جاھىللىقى تىخمۇ ئەۋجىگە چىقتى، گۆھەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى تىخمۇ كۈچەيدى، جاھىللىقى، تەرسالىقى يەنە قوزغىلىپ ئىلگىركىگە ئوخشاشلا ئاچلىق ئىلان قىلدى، بىر نەچچە تاماق يىمەي، ئۆي ئىچىدە قولىغا نىمە چىقسا شۇنى ئۇرۇپ چاقتى، كىمنى ئۇچىراتسا شۇنىڭغا شالىنى چاچتى .
ئۇنىڭ تىننى يەنە كىسەل چىرمىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يىتىپ قالدى، بىرەر ئايغا يىقىن ۋاقىت مۈش تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى، بەزى چاغلاردا ئۇ ھىچكىشىگىمۇ گەپ قىلمايتتى، گەپ سورىسىمۇ جاۋاپ بەرمەيتتى، ھەتتا تەرسا مىجەزى تۇپەيلىدىن ئۆيىگە يوقلاپ كىرگەن خۇلۇم ـ خوشنىلىرىغىمۇ ئازار بىرەتتى .
ـ ھوي ئانىسى ـ دىدى بىر كۈنى بوۋاي خىمىر يۇغۇرىۋاتقان ئايالىغا قاراپ ـ بۈگۈن مىنى بازارغا ئاپىرىپ ئايلاندۇرۇپ كەلگىن .
ـ ئەجەپ بازارغا بارغىلىرى كىلىپ قاپتىغۇ ـ دىدى ئايالىمۇ ئىرىنىڭ گەپ سۆز قىلغىنىدىن سۆيۈنۈپ .
ـ بۈگۈن بازار كۈنى ئىكەن، ئايلىنىپ كەلگەچ تىۋىپتىن دورا ئىلىپ كىلەيلى .
ـ بولىدۇ، ئەمسە مەن ھارۋىنى تەييار قىلاي .
ئايالى ئارتۇق گەپ قىلماي كالا ھارۋىسىنى تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئايالى كالا ھارۋىسىنى تەييارلاپ، ئىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، يۆلەشتۈرۈپ دىگۈدەك ھارۋىغا ئولتۇرغۇزدى، تاشلىق يولدا ئىغىر چۆيۈن چاقلىق ھارۋىنى سۆرەپ كىلىۋاتقان ئالا كالا پات ـ پات پۇشۇلداپ، خۇي چىقىرىپ، ماڭغىلى ئۇنىماي توختىۋالاتتى، ھارۋىنى ھەيدەۋاتقان ئايال كالا ھەر بىر توختىۋالسا قولىدىكى كالتەكنى كالىنىڭ دۈمبىسىگە،  پاقالچاقلىرىغا نوقۇپ ھەيۋە قىلاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن نەچچە ۋاقىتتىن بىر گەپ  سۆزسىزلا يىتىۋالغان يولدىشىغا پاراڭ سالغاچ ماڭدى .
ـ بۈگۈن كەيپىياتلىرى خىللا ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ .
ـ نەدىكىنى ـ دىدى بوۋاي ئىنجىقلاپ تۇرۇپ .
ـ ئۇنداق ئەمەس، چىرايلىرىمۇ خىللا ئوڭشىلىپ قاپتۇ .
ـ شۇنداقمۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بىرىمۇ شۇنداق ئىدىغۇ؟
......ئايالى بوۋاينىڭ بۇ گىپىگە نىمە دىيىشنى بىلمەي تۇرغاندا بوۋاي يەنە :
ـ پەقەت شۇ گۆھەرنىڭ ئىشى بولمامدۇ، مەن ئۇنى دەپ كىچە ـ كۈندۈز پالاقلاپ يۈرسەم، لىكىن ئۇ مەن ئويلىغاننى ئويلىمىدى، مىنى كىچىدە بالىنى گولدىغاندەك گولداپ قويۇپ ئىرىنىڭ ئۆيىگە كىتىپتۇ، ئەمدى مىنىڭ ئۇنىڭدەك قىزىم يوق، ئەگەر ئۇ ئىرىدىن ئاجرىشىپ كەتمىسە ئىككى دۇنيا ئىللا ـ بىللا ئۇنىڭدىن رازى ئەمەسمەن .
ـ ھاي دادىسى، ئۇنداق دىمىسىلە ئۇ دىگەن بىزنىڭ قىزىمىز، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ شۇنداق كۆندۈرۈپ قويۇۋىپتىمىز، يەنە كىلىپ ئابدۇللامۇ ياخشى بالا قىزىمىزنى ئۇنىڭدىن چىقىرىۋالساق يەنە ئەرگە بىرەرمىز، يەنە كىلىپ ئۇ ھازىر ئىغىر ئاياق، بولدى قىلايلى ئۇلارنى مىرادىغا يەتكىلى قويايلى .
ـ نىمە دەۋاتىسەن، سەن نىمە ئويلايسەن، مەن نىمە ئويلايمەن، مەنمۇ ئابدۇللانى ياخشى ئەمەس دىمىدىم، پەقەت ئۇ كىسەلچان بولغاچقا قىزىمىز بۇندىن كيين نامراتلىق ھالەتتە ئۆتۈپ قالمىسۇن دىدىم، ئابدۇللا چوڭ ئىشلارغا ئىغىر ئىتىز ـ ئىرىق ئىشلىرىغا يارىمايدۇ، سەن بىلەن بىز ئاتا ـ ئانا، قىزىمىزنىڭ بۇندىن كيىنكى تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلمىسەك، كىم كۆڭۈل بۆلىدۇ، يەنە قالايمىقان سۆزلەپ ئۇلارنى ئاجراشتۇرۇشقا قارشى چىقساڭ بولمايدۇ .
ئايال بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مەلۇم يەرلىرى تۇتىرۇقسىز، ئورۇنسىز تۇيۇلغان بولسىمۇ لىكىن ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى بولۇپ بالا بىزنىڭ، بىز دىگەن ئاتا ـ ئانا، ئۇنىڭ كيىنكى تۇرمۇشىغا بىز كۆڭۈل بۆلمىسەك كىم كۆڭۈل بۆلىدۇ، دىگەن سۆزلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئورۇنلۇق تۇيۇلدى، گۆھەر ئابدۇللا بىلەن داۋاملىق بىرگە ئۆتتۇەرسە نامرات تۇرمۇشقا سىڭىپ كىتىدىغاندەك ھىس قىلدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۆھەرنىڭ سىماسى ئەكىس ئەتتى، گۆھەر بىلەن ئابدۇللا ئىتىزدا تۇراتتى، ئابدۇللا بىر ياقىد گۆھەرگە قاراپ ئىشلىمەي قاراپ تۇراتتى، ئۇ شۇنداق رەتلىك، پاكىز كىينگەن چىرايىمۇ خىللا پارقىراپ ئۆزىمۇ سىمىرىپ قالغاندەك تۇراتتى، ئىتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۆھەر ئىشلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ كىيىملىرى يىرتىلغان كىر قاسماق ھالەتتە چاچلىرى چۇۋۇق، پاخپىيىپ كەتكەن ماڭلاي چاچلىرىنى ئارقىسىغا تاشلىۋالغان بولۇپ، چىرايلىرىنمۇ ئاللىقاچان قورۇق بىسىپ، قىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، ئۇنىڭ جاپا دەستىدىن بەللىرى مۈكچىيىپ كەتكەن بولۇپ يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بولۇپ قالغاندى، گۆھەرنىڭ ئانىسى خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى گەرچە خىيال بولسىمۇ، لىكىن قىزىنىڭ بىچارە ھالىتى ئۇنىڭمۇ يۈرىكىنى ئەزدى، ئىرىنىڭ يۇقاردىكى سۆزلىرى ئۇنىڭغا بەك تەسىر قىلدىمۇ نىمە ئۇخلىماي تۇرۇپ چۈش كۆرگەندەك خىيال سۈردى، قىزىنىڭ جاپا تارتىۋاتسا ئابدۇللانىڭ بىر تەرەپتە كۈلۈپ تۇرۇپ، گۆھەرگە  ياردەم بىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ھىجىيىپ تۇرغىنى گۆھەرنىڭ ئانىسىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى  بولغاي ئابدۇللاغا كايىماقچى بولۇپ «ھۇ ئابدۇللا دىگەن بىغەرەز» دىگەن سۆزنىڭ ئىغىزىدىن چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالدى .
ـ نىمە بولدى ساڭا قىنى ئابدۇللا دىگەن بىغەرەز ـ دىدى بوۋايمۇ بىشىنى كۆتۈرۈپ، شۇندىلا ئايال ئۆزىنىڭ خىيال سۈرىۋاتقانلىقىنى، يۇقارقى خىيالىنىڭ بىر ھىس تۇيغۇ بولۇپ ئەمىلىيەت ئەمەسلىكىنى بىلگەندىلا يۈرىكى جايىغا چۈشتى، ئۇ ئىرىنىڭ سۆزىگىمۇ جاۋاپ

بەرمەي هارۋنى يەنىمۇ ئىتتىك ھەيدىمەكچى بولۇپ، كاللىنى ئۇرماقچى بولدى، لىكىن ئۇنىڭ تاياق كۆتۈرگەن قولى ھاۋادا لەيلەپ قالدى، ئۇلاردىن ئون مېترچە يىراقلىقتا ئابدۇللا بىر دوستىنىڭ موتىسىكلىتىنىڭ كەينىدە ئولتۇراتتى، ئابدۇللا ئۇلارنى كۆرمىدىمۇ ياكى كۆرسىمۇ قارىماي كەتتىمۇ بۇنىسى ئۇلارغا نامەلۇم ئىدى، ئايال ئېرىنىڭ يۇقارقى سۆزىگە ئەمدى جاۋاپ تاپقاندەك بولدى دە .
ـ ئەنە ئابدۇللا، ئۇ بازارغا مېڭىپتۇ.
ـ نىمە ئۇ بازارغا مېڭىپتۇما؟ ئۇنداقتا بىز ئۇنىڭكىگە بارايلى ھەر قاچان ئابدۇللانىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بازارغا كەتتى، گۆھەر ھازىر ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئىكەن، ئۇ ئىغىر ئاياق، ھازىر ئۇنىڭ ئاي كۈنى توشۇشقا ئاز قالدى، شۇڭا بازارغا بارمايدۇ، مۇشۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇلارغا ئايرىۋىتىمىز.ـ دىدى بوۋاي ساقىيىپ قالغاندەك دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ.
ـ لىكىن......
ـ نىمە لىكىن، تىز بول .
شۇنداق قىلىپ ئابدۇللانىڭ بازارغا ماڭغىنىنى ئۇلارغا پۇرسەت بولدى. ئۇلار گۆھەرنى ئابدۇللانىڭ ئالدىدىن ھەيدەپ كىتىشكە خىجىل بولدى، لىكىن بۈگۈن ئابدۇللا ئۆيىدە يوق، شۇڭا بۇ ئۇلارغا پۇرسەت ئىدى، ئۇلار ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە يىتىپ كەلدى، ئۆيىدە ئابدۇللادىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى، گۆھەرنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىنى كۆرگەن ئالىيە ھەدە بىلەن ئابدۇراخمان ئاكا ھەيران قالدى، چۈنكى مۇشۇ بىر نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئۇلار گۆھەرنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ ئۇلارغا چاي قۇيۇپ پەرزەنتلىرىنى ئۆز مىرادىغا يىتىشكە يول قويۇشنى ئۆتۈنمەكچى بولغانىدى، بۈگۈن مانا گۆھەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆز قەدىمى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى، شۇڭا ئۇلار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولدى، لىكىن چاندۇرمىدى .
ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قۇدام، تىنىچ كىلىپلا، قىنى ئۆيىگە مەرھەمەت،ـ دىدى، ئابدۇراخمان ئاكا يۇقارقى ئويىنى يوشۇرۇپ.
ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەن ئۆيىگە كىيىن كىرەي گۆھەرنى كۆرۈپ كىتەي دىگەن ئۇنى چاقىرسىلا ـ دىدى گۆھەرنىڭ دادىسى ئۆيىگە كىرمەستىن ھويلىنىڭ قات ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ.
ـ ئاۋۋال تائام ئالىدىن كالام دىگەن گەپ بار، نىمە گەپ بولىشىدىن قەتئىينەزەر قىنى ئاۋۋال ئۆيىگە مەرھەمەت.
ـ مەن بۇ يەرگە قورسىقىم ئىچىپ تاماق يىيىشكە كەلمىدىم، قىزىمنى كۆرەي دەپ كەلدىم، ئۇنى چاقىرسىلا .
ـ بۇ نىمە دىگەنلىرى، بۇمۇ ئۆز ئۆيلىرىگە ئوخشاش بىز قۇدا تۇرۇپ شۇنداق تەلەپپۇزدا سۆزلەشسەك بولامدۇ؟ ئاچچىقلىرىنى بىسۋاللا
ـ دىدى ئابدۇراخمان ئاكا .
ئاڭغىچە ھويلىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلىغان گۆھەرمۇ نىمە غەلۋىدۇ دەپ ھويلىغا چىقىپ كەلدى، ئۇ ھويلىدا ئۆز دادىسى بىلەن ئانىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇ دادىسى بىلەن ئانىسىنى كۆرۈپ ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى سەزدى، نىملا بولمىسۇن ئۇلار دىگەن ئاتا ـ بالا، شۇڭا ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ چىرايلىق گەپ قىلىشقان ياخشى، يەنە كىلىپ گۆھەرنىڭ دادىسىنىڭ مىجەزى گۆھەرگە ئايان، ھويلا ئىچىدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلسا قولۇم ـ قوشنىلار ئارىسىدا سەت ئىدى، شۇڭا ئۇ دادىسىغا :
ـ دادا تىنىچ كەپتىلا، ئاۋۋال ئۆيىگە كىرسىلە، نىمە گەپ بولسا چىرايلىق دىيىشەيلى .
ـ سەت بەدبەخ نىمە دەۋاتىسەن بۇ مىنىڭ ئۆيۈم ئەمەس، تىز ھارۋىغا چىق مەن سىنى قايتۇرۇپ كەلگىلى كەلدىم .
ـ دادا ......مەن .
ـ نىمە تىلىڭنى چاينايسەن، ماڭا ئۆيىگە قايتىمىز، ـ بوۋاي شۇنداق دىگىنىچە گۆھەرنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ ماڭدى، بۇنى كۆرگەن ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدىنىڭ ئىنتايىن ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ ئۆز ئۆپكىسىنى بىسۋىلىپ:
بۇ نىمە قىلغانلىرى، نىمە ئىش بولسا چىرايلىقچە بولسۇن،ـ دىدى .
ـ چىرايلىقچە بولسۇن دىيىشىدىغان ئادەم قىزىمنى قولۇمغا بىرىش،ـ بوۋاينىڭ ئاۋازى ھويلىنى بىر ئالدى، ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ ھويلىسى مەھەللىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ مەھەللە بەكمۇ زىچ ئىدى، ھويلىنىڭ ئىچىدە ۋارقىراش ئەمەس ئۈنلۈكرەك سۆزلىسىمۇ بىر نەچچە ئائىلىگە ئاڭلىناتتى، ھويلا ئىچىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلىغان بىر نەچچە قولۇم ـ خوشنىلار ئاللىقاچان بۇ ھويلىنىڭ ئىچىگە پەيدا بولۇشقانىدى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئابدۇراخمان ئاكا بۇ جاھىل بوۋاي بىلەن ئارتۇقچە گەپ قىلىشقا سەتلىشىپ قالدىغىنىنى ھەم قولۇم ـ خوشنىلار ئارىسىدا ئويۇن بولۇپ،» مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» بولغىنىدەك ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئارتۇقچە سۆزلىمىدى، بوۋاي گۆھەرنى ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ۋە قولۇم ـ خوشنىلىرى ئارىسىدا ھىچ نەرسىگە پىسەنت قىلماستىن ئالدىغا سىلىپ ھەيدەپ كەتتى، بۇ ئىش گەرچە ئابدۇراخمان ئاكىغا ئىنتايىن ھاركىلىپ خارلىق، خورلۇق ھىس قىلغان بولسىمۇ لىكىن مەھەللىسىدىكى قولۇم قوشنىلىرى ئارىسىدا سەت بولمىسۇن دەپ ئۆز ئۆپكىسىنى بىسۋالدى، لىكىن ئۇ شۇنىدىن كىيىن چۈشىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدى، ئەمدى گۆھەر بىلەن ئابدۇللانىڭ تۇرمۇشىدا ئۈمۈت يوقتەك ھىس قىلدى، شۇڭا ئۇ بوۋايغا ئارتۇقچە گەپ قىلماي ئالدىنى توسمىدى، شۇنىڭ بىلەن بوۋاي گۆھەرنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەتتى.
ئابدۇللا بولغان ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ بەكلا ئازاپلاندى، ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە ھىجران ئازابى، ھىجران تىخى پۇچۇلاپ تىلماقتا ئىدى، ئۇنىڭ بولغان ئىشلارغا پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ لىكىن كۆز ئالدىدىكى رىئاللىق ئالدىدا تەقدىرگە تەن بىرىپ ئۆتمەكتىن باشقا ئىلاجى بولمىدى، گۆھەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بىر نەرسىدىن مۇھىم، دۇنيادىكى ھەر قانچە ئەتىۋار، ئىسىل نەرسىدىنمۇ قىممەتلىك

ئىدى، ئۇ گۆھەر ئۆچۈن بارلىقنى بېغىشلىغانىدى، ئەپسۇس رەھىمسىز رېئاللىق ئۇلار ئىككىسىنى يەنە ئايرىۋەتمەكچى بولۇپ، گۆھەرنى ئابدۇللانىڭ كۆز ئالدىدىن، يېنىدىن ياق پەقەت كۆز ئالدى ۋە يېنىدىن ئەمەس قەلبىدىن ئېلىپ قېچىپ ئۇنى مەڭگۈلۈككە ئابدۇللانىڭ ھايات كارتىنىسىدىن ئۆچۈرۋەتمەكچى بولدى، ئابدۇللانىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى، ئايرىلىش نىمانچە دەھشەت، نىمانچە قورقۇنۇشلۇق، ئابدۇللا گۆھەردىن ئىلگىرى بىر قىتىم مەزگىللىك (ۋاقىتلىق) ئايرىلغان چېغىدىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى ئازلا قالغانىدى .

ئۇ بۇ قىتىم گۆھەردىن يەنە ئايرىلىپ، ئابدۇللا بۇ ئايرىلىشنىڭ مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمۈت قىلاتتى، تەڭرىدىن بۇنىڭ بىر چۈش بولۇپ، ئىلگىرىكى بەختلىك چاغلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشى گۆھەر بىلەن مەڭگۈ بىرگە ئۆتۈپ دۇنيادىن كېتىشنى تىلەيتتى .

ئابدۇللا بۇ ھىجىران بىلەن ئازاپلىنىپ قىيلىنىپ مەن گۆھەرنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغىنى بىلىپ بېقىش ئۆچۈن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە نەزەر سېلىپ ئۆتەتتى .

گۆھەرنىڭ دادىسى گۆھەرنى ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ ئۆيىدىن قايتۇرۇپ كەلگىچە پەقەتلا گەپ ـ سۆز قىلمىدى، گۆھەر بولسا يولدا كىتىۋېتىپ دادىسىنىڭ يەنە ئۆيگە بارغاندىن كىيىن ئۆزىگە قانداق كايىپ «تەربىيە» قىلىدىغىنىنى قىياس قىلدى، دادىسى يەنە ئىلگىركىدەك گۆھەرنى بىر مۇنچە قاتتىق سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىشى يەنە كىلىپ تۇغۇت كۈنىنىڭ يېقىنلاپ كەلگىنىگە قارىماي دائىم يىنىدا ئېلىپ يۈرىيدىغان ھاسا ئورنىدا ئىشلىتىدىغان كالتىكى بىلەن ئۇنى بىر نەچچىنى ئۇچۇغداپ قويۇشى بۇنۇ ئازكەلمەي ئۇنى بىر نەچچە كۈن ھەتتا بىر نەچچە ئۆيگە سولاپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى، بۇلارنى ئىككىنچى قىتىم ئۆيىدىن قېچىپ چىققاندىلا ئويلاپ قويغان ھەم ئۇنداق قاتتىق كۈنلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيمەن دەپ ئويلىغانلىقى ئۆچۈنلا دادىسى ۋە ئانىسىنىڭ قاتتىق قارشىلىقنى يالغان گەپ بىلەن بېسىقتۇرۇپ ئابدۇللانىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئەپسۇس دادىسى ئۇلارنى يەنە مۇرادىغا يەتكۈزمەي ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكەلدى، ئەمدى ئۇ دادىسىنىڭ «جازا» سىغا تەييار بولۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى، گۆھەر ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كىيىن خۇددى ئىغىر دىلو سادىر قىلىپ سوتچىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان جىنايەتچىدەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تىرنىقىنى كولىغىنىچە تۇرۇپ قالدى، دادىسى خىلى ئۇزۇنغىچە ئىغىر ـ ئىغىر تىنىپ ئۇنىڭغا گەپ سۆز قىلمىدى، ئاردىن بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىلا ئاندىن گۆھەرگە قاراپ :

ـ قىزىم، سىز چىقىپ تاھارەت ئېلىپ كىرىڭ، ئىسسىڭىزدە بولسۇن، بويىڭىزنى سۇغا سېلىپ چوڭ تاھارەت ئېلىڭ،ـ دېدى ئۇ بۇ گەپلەرنى نەسىھەت ئاھاڭىدا ئېيتقاندەك .

ـ دادا ... بۇ نىمە دىگەنلىرى،ـ دېدى ئۇ گۆھەر خىجىل بولۇپ .

ـ ھىچ گەپ يوق پەقەت مەن دىگەننى قىلىڭ .

گۆھەر ئۈن ـ تىنىسىزلا ھويلا ئىچىگە چىقىپ كەتتى، ئانىسى گۆھەرنىڭ كەينىدىن يوغان ئىككى چەينەككە لىققىدە قىلىپ ئىلمان سۇ تەڭشەپ ئېلىپ چىقىپ بەردى دە :

ـ مانا سۇ، مۇنچىنىڭ توكىنى ياندۇرۇپ قويدۇم تىز بولۇڭ:ـ دەپ قويۇپ ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

ئۇلارنىڭ مۇنچا دىگىنى ياتاق ئۆيگە يانداش قوشامدىن

قوشام ـ دەرەخ شاخلىرىدىن توقۇپ چىقىلغان تام تام توسۇلغان كىچىككىنىچە بىر تاھارەت ئېلىش ئۆيى ئىدى.

بۇ مۇنچىنىڭ ئىشىكىدىن بىر ئادەم ئارانلا پاتاتتى، ئىچى بولسا تىخمۇ ئاددى بولۇپ بىر تەرەپ مۇستەھەت قىلىش ئورنى، يەنە بىر تەرەپتە بولسا تاھارەت ئالغاندا ئولتۇرىدىغان كىچىك ئورۇندۇقتىن باشقا تامغا شوينا بىلەن ئىسىپ قويۇلغان سۇنۇق ئەينەك جازىسىدىن تاشقىرى كۆزگە چېلىققۇدەك ھىچ نەرسە يوق ئىدى، گۆھەر بۇ مۇنچىدە يۇيۇنۇپ، چاچلىرىنى تاراپ ئەينەككە قارىدى، ئۇنىڭ چىرايى ئۆزىگە تىخمۇ سۇلغۇن كۆرۈنىپ كەتتى، دىمىسمۇ ئۇ ئۆيىگە ياندۇرۇپ ئېلىپ كىلىنگەندىن كىيىن يۈرەكلىرى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تۇرىۋاتاتتى، ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزى توغىرلىق نىمە دەيدىغىنىنى بىلمەكچى بولۇپ تۇرغاندا تاھارەت ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇلدى، ئۇ دادىسىنىڭ نىمە ئۆچۈن ئۆزىنى بۇ ئىشقا بۇيرۇيدىغىنىنى زادىلا چۈشەنمەي گاڭگىراپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايى تىخمۇ مۇشۇنداق سۇلغۇن ھالەتكە كىلىپ قالغانىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كىيىن كۆزىدىن سىرغىپ مەڭزىگە چۈشكەن ئىككى تامچە يىشنى سۈرتتى دە ئاستا مۇنچىدىن يىنىپ چىقتى، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى ئىچكىرى ئۆيىدىكى ياغاچ سۇپا ئۈستىدە قوبدا «قۇرئان كەرىم» نى تۇتقان ھالدا كۆزلىرىنى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە قارىتىپ تىپتىنچ ھالەتتە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىۋاتاتتى، ئۇلار گۆھەرنىڭ ئۆيگە كىرگىنىنى كۆرۈپ ئاستا ئورۇنلىرىدىن مىدىرلاشتى .

ـ ھە تاھارەت ئېلىپ بولدۇڭمۇ قىزىم، ـ دېدى گۆھەرنىڭ دادىسى گۆھەرگە سىپايىلىق بىلەن بۇ تەرسا مىجەزقىرى بەزىدە بەكمۇ ئىغىر ـ بىسىق، سىپايە بولۇپ قالاتتى، ئۇنىڭ تەرسا مىجەزى ئۆز مەقسىتىنى ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغان ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۆچۈن ئىغىر ـ بىسىق سىپايە بولۇپ قالاتتى، گۆھەرمۇ ئۇنىڭ قۇۋلىقىنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك دادىسى ھەر قىتىم مۇشۇنداق سىلىق ـ سىپايە ياغلىما گەپلەرنى قىلسا ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى تويدىن كىين پەقەتلا چىرايلىق گەپ قىلمايدىغان بولىۋالغانىدى، شۇڭا دادىسىنىڭ سۇئالىغا بېشىنى چايقاش بىلەن ئاددىيلا جاۋاپ بەردى.

ـ ئۇنداقتا جايناماز ئۈستىگە چىقىڭ،ـ دېدى گۆھەرنىڭ دادىسى گۆھەرگە .

گۆھەر سۆزسىزلا سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان كىگىز جايناماز ئۈستىگە چىقىپ قىبلىگە قاراپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى .

گۆھەرنىڭ دادىسى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان قولىدىكى «قۇرئان كەرىم» نى گۆھەرگە ئۇزىتىۋېتىپ:

ـ مەن بۇ قېتىم سىزگە يامان گەپ قىلمايمەن، پەقەت بۇگۈن ياكى بىزنىڭ ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىمىز كۈچىيىدۇ ياكى بولسا بىز بۇگۈن يات كىشىلەردەك ئادا ـ جۇدا بولىمىز، قېنى سىز قولىڭىزغا بۇ كىتابنى ئېلىڭ،ـ دېدى .

گۆھەر دادىسىنىڭ يۈزىگىمۇ قارىيالماي كىتابنى ئالدى ـ دە يۈرىكىگە تاقىغان ھالەتتە جىمجىت تۇردى، گۆھەرنىڭ ئۈن ـ تىنسىز تۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە ئۆزى سۆز باشلىدى :

ـ بۈگۈن سىز ياكى ماڭا تۇرىسىز ياكى ئابدۇللا تەرەپ بولۇپ مەندىن ئادا ـ جۇدا بولىسىز،ئەگەر مېنى ئۆزىڭىزنىڭ دادىسى دەپ ئويلىسىڭىز سىزنى بىقىپ چوڭ قىلىپ ئۆيلۈك ئوچاقلىق قىلغۇچە تارتقان جەۋرى ـ جاپالىرىمنى كۆزدە تۇتسىڭىز قولىڭىزدىكى مۇشۇ «قۇرئان كەرىم» نى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئابدۇللا بىلەن ئىككىنچى كۆرۈشمەي ئاجرىشىپ كېتىدىغان، كائىناتنى ياراتقان ئىگىمىز ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىڭ، ئەگەر ئۇنداق قىلالماي ئابدۇللادىن ۋاز كېچەلمىسىڭىز مەندىن ۋاز كېچىڭ، ـ دېدى دە گۆھەرگە قارىدى .

گۆھەرنىڭ كۆزىدىن تارام ـ تارام ياشلار ئېقىۋاتاتتى .

دادىسىنىڭ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىپ قاتتىق بېسىم بولغانىدى، ئۇ كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ:

ـ دادا جېنىم دادا، مېنى نىمانچە چۈشەنمەي تار يەردە قورىدىغانسەن، قورسىقىمدىكى يارىلىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ نارەسىدە بالىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ بىزنى ئايرىۋەتمىسەڭ بولامدۇ دادا،ـ دېدى .

ـ بولىدۇ، قىزىم سەن يەردە قورىلىدىغان ئىش بولسا مەنمۇ چىداپ تۇرالمايمەن، ئۇنداقتا سەن ئابدۇللا بىلەن مەڭگۈ بىرگە ئۆتكىن، لېكىن شەرتىم شۇكى ئابدۇللا بىلەن سەن ئەتە ئەتىگەندە مېنىڭ جىنازامنى كۆتىرىپ نامىزىمنى چۈشۈرۈپ، يەرلىكىگە قويغاندىن كېيىن ئاندىن شۇنداق قىلىڭلار خەير قىزىم، ـ دېدى دە ئالدىن تەييارلاپ قويغىنىغا سېلىپ قويغان تۇمارچە شەكىلدە قاتلانغان بىر بولاق قەغەزنى ئالدى، يېشىپ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى قولىغا تۆكۈشكە باشلىدى، گۆھەر ئاستا دادىسىنىڭ قولىغا قارىدى، دادىسىنىڭ قولىدىكى تۇمارچە قىلىپ قاتلانغان قەغەزدىن چۈشۈۋاتقىنى ئالىلىقانداق بىر نەرسە بولماستىن بەلكى چاشقان ئۆلتۈرۈش دورىسى ئىدى، گۆھەرنىڭ دادىسى قەغەزدىكى دورىلارنى تولۇق قولىغا تۆككەندىن كېيىن قىزىغا قاراپ «بوپتۇ، سەن ئابدۇللاغا تۇرساڭ مەن ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇراي»ـ دېدى دە قولىدىكى دورىنى ئاغزىغا سالماقچى بولدى، گۆھەر دەرھال دادىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى دورىنى يەرگە تاشلىۋەتتى، ـ دە :

ـ دادا بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز ئەجىبا سىز مېنى نېمە قىلسۇن دەيسىز؟ ـ دەپ ھۆكرەپ ئېقىپ يىغلاپ كەتتى .

ئۇ ھازىر دادىسى بىلەن ئابدۇللانىڭ ئارىسىدا ئىككىسىدىن بىرىنى تاللىمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشۈنۈپ يەتتى، دادىسى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن قاتتىق بىر بېسىمنى يۈكلىمەكچى بولدى، ئۇ ئابدۇللانى ھەقىقەتەن چىن دىلىدىن سۆيگەن بارلىقىنى ئابدۇللا ئۇنىڭغا بېغىشلىغاندەك ئۇمۇ ھەم شۇنداق قىلغانىدى، ئۇ دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ئەتىۋارلىق نەرسىدىنمۇ ئابدۇللانى ئەزىز كۆرەتتى، ئەگەر دادىسى ئۆز ھاياتى بىلەن ئابدۇللادىن ئىككىدىن بىرنى تاللاشقا قويماي گۆھەرنىڭ ھاياتىنى تاللاشقا قويغان بولسىمۇ ئەلۋەتتە ئابدۇللا تەرەپ بولغان بولاتتى. لېكىن دادىسى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر بىر يولنى كۆرسىتىپ مەجبۇرلاپ تۇراتتى، ئۇ دادىسىنىڭ قولىدىكى دورىلارنى ئېلىۋېتىپ «كاپالا» قىلىپ ئۆز ئاغزىغا سېلىپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدىيۇ لېكىن ئۇ دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ نارەسىدىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بۇ خىيالىدىن ياندى، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان «دىگەن تەمسىل بارغۇ، ئەگەر ئۇ ئابدۇللا تەرەپ بولسا دادىسىنىڭ تەرسا مىجەزى تۇتۇپ قالسا ...ھەي ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇ گۆھەرنى كىچىكىدىن بېقىپ چوڭ قىلىپ قويسا تەربىيلەپ قاتارغا قاتسا ئازراقلا بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆز دادىسىنىڭ قاتىلى بولۇپ قالىدىغۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر دادىسىنىڭ جىنايەتچىسى بولۇپ ئۆتسۇنمۇ؟ ئۇ ئابدۇللانى ئويلاپ باقتى، ئابدۇللامۇ بارلىقىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان، ئۇنىڭسىز بىر كۈنمۇ خۇشال يۈرەلمەيدۇ، لېكىن ئابدۇللا ئۇنداق تەرسا ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۇ تۇرمۇش ئىشىغا توغرا كۆز قاراش بىلەن قارىيالايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ھەر قانچە كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ ھاياتىنى قەدىرلىمەي قالمايدۇ، شۇڭا ئۇ ئاخىرى ئابدۇللانى مۇھەببەت قۇربانى قىلىشنى توغرا تاپتى، ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە دادىسى ئوماق نەۋرىسىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن ئۇلارنى قايتىدىن جەم قىلىپ قويسا ئەجەپ ئەمەسقۇ؟ ئۇ شۇلارنى خىيال قىلدى، ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ ئوساللىشىپ كەتكەنىدى، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلار سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى. دادىسى بىلەن ئانىسى يەنە بىر «قۇرئان كەرىم» نى تۇتقىنىچە ئۈن ـ تىنسىز گۆھەرگە قاراپ تۇراتتى، گۆھەر قولىدىكى مۇبارەك كىتاپ بولغان «قۇرئان كەرىم» نى ئاستا ـ ئاستا سىلاپ قويدى ـ دە ئورنىدىن تۇرۇپ قىبلە تەرەپكە يۈزلەنگەن ھالەتتە تۇردى، ئۇنىڭ پۈتكۈل تەنلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى، ئۇ تەسلىكتە ئۆرە تۇرۇپ دادىسى بىلەن ئانىسىغا قارىدى ـ دە ئۈن سېلىپ يىغلىغان ھالەتتە .

ـ بولىدۇ، مەن ئابدۇللادىن ئاجرىشىپ كەتسەملا خاتىرجەم ئۆتكىلى بولىدىغان ئىش بولسا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتەي ـ دېدى.

ـ ئۇنداقتا قولىڭىزدىكى كىتابنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىڭ، ـ دېدى گۆھەرنىڭ ئانىسى تەڭلا .

- پۇتكۇل كائىناتنى، سىلەرنى ۋە مىنى ياراتقان، ھەق - ناھەقنى توغرا ئايرىپ قىيامەتتە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئىگىمىز مېھرىبان ئاللانىڭ نامى بىلەن ئابدۇللادىن ئاجرىشىپ كىتىشكە قەسەم قىلىمەن، سىلەرگىمۇ شۇندا ۋەدە بىرىمەن.-

ئۇ شۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىپ بولۇپىلا قان ياش كەبى يىغلىغان ھالەتتە ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى، گۆھەر ئۇدۇللا ھويلا ئارقىسىدىكى جىگدىلىككە چىقتى - دە زوڭزىيىغىنچە ئولتۇرغان پېتى قولىدىكى كىتابنى تۇتقان پېتى پۇتۇن بەدەنلىرى ئىرىپ كەتكەندەك ھۆڭكىرەپ ئېتىپ يىغلاپ كەتتى، «قۇرئان كەرىم «ئىسلام دىنىغا ئىتىقاد قىلىدىغان خەلق ئۈچۈن بۈيۈك دەستۇردۇر، ئىسلام دىنىغا ئىتىقاد قىلىدىغان ئامما ئۇنىڭدىكى ھەر بىر پىرىنسىپ ھەر بىر جۈملە، ھەر بىر سۆزگە ئەستايىدىل قارايدۇ، سەمىمىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلار ئۆز قەلبىدىكى ئىلاھى بولغان ئاللاھنى ھەممىدىن بۈيۈك دەپ قارايدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بىر - بىرى بىلەن ھۆججەت قىلىپمۇ ئىشەنچ قىلالمايدىغان ئىشلارغا «قۇرئان كەرىم» نى تۇتۇپ تۇرۇپ ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلىپ قەسەم قىلىدۇ، بۇ قەسەم ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا بولۇپ ۋىجدانلىق ۋەدىگە ۋاپا قىلىدىغان كىشىلەر بۇ قەسەمنى قىلغاندىن كېيىن ھەر قاندىق بەدەل تۆلەشكە قارىماي ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ، ئەگەردە ئۇ كىشى بۇنى ئورۇنلىمىسا كىشىلەر بۇنداق كىشىنى ئارىغا ئالمايدۇ، ھەم ئۇنىڭ بىلەن كىشىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ تۈرلۈك ئادىمگەرچىلىك پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشتا ئورتاقلاشمايدۇ، شۇ كىشىمۇ ۋەدىسىگە ئىگىزى قىلغان قەسىمگە ئەمەل قىلمىسا ئۆز قەلبىدىكى ئىلاھى بولغان ئاللاھنىڭ ئۆزىنى جازالىشىدىن قورقىدۇ، شۇڭا ئۇلار بۇ قەسەمنى قىلىسا چوقۇم ئەمەل قىلىش كىرەك ئىدى، گۆھەرمۇ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغىنىنى ئۈچۈن بۇ قەسەمنى قىلىپ ئىنتايىن ئازاپلاندى يۇقىردا ئېيتقاندەك ئۇ دادىسى بىلەن ئابدۇللادىن بىرىنى تاللاشتا تار يەردە قىينىلىپ قالغاچقىلا ئاخىرى دادىسىنىڭ مەجبۇرى ۋاستىسى بىلەن بۇ ئۇسۇلنى تاللىغاندى، لىكىن ئۆزىنىڭ ھىلىتتىنلا بۇنداق قاتتىق ھىجران ئازابىغا دۇچار بولىدىغىنىنى قىياس قىلمىغاندى، ئۇ ئەمدى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ ئابدۇللادىن ئاجرىشىپ كىتىشى كىرەك ئىدى، ئەگەر ئۇ بۇ قىتىم ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىسا قىلغان قەسىمنى ئورۇندىمىسا زادىلا بولمايتتى، شۇ سەۋەپتىن ئۇ قاتتىق ئازاپلاندى، ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى، ئۇ جىگدىلىك باغدا ئولتۇرۇپ ئابدۇللانى خىيال قىلدى، ئۇ ئابدۇللادىن ئاجرىشىپ كەتسە ئابدۇللا قانداقمۇ قىلار؟ قايسى كۈنلەرگە قالار؟ ئەجبا گۆھەرنىڭ مەجبۇرى بۇ قەسەمگە قوشۇلغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلدى دەپ رەنجىپ قالارمۇ؟

ئابدۇللانىڭ گۆھەردىن ئايرىلغىنىغا ھەش - پەش دىگۈچە بىر ئايچە بولۇپ قالدى، گۆھەرنىڭ تۇغۇت ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى، ئابدۇللا پات ئاردا تۇغۇلماقچى بولغان بالىسىنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ دەردىدە ساراڭ بولاي دەپىلا قالدى، مۇشۇ بىر ئايدەك ۋاقىت جەريانىدا گۆھەردىن ھىچ بىر خەت - خەۋەر كەلمىگەنلىگە تىت - تىت بولۇپ، ئارامسىزلاندى، يەنە كىلىپ قىين ئاتىسىنىڭ ھىلىقى كۈنى چىقارغان جىدىلى سەۋەبىدىن ئابدۇللانىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئابدۇللانى ئىلگىركىدەك قوللىمىدى، ھەم گۆھەرنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كىلىشكە بارمىدى، شۇ سەۋەپتىن ئابدۇللا ئاخىرى گۆھەرنى يوقلاپ كىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە يول ئالدى .

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، - دىدى ئابدۇللا ئۆيىگە كىرىپ كەلدى .

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، - دەپ قاپىقىنى تۈردى قىين ئاتا - ئانىسى.

- تىنىچ ئامان تۇرۇپسىلەمۇ؟

- ھە تىنىچ، ئامان بولمىساق نىمە دىمەكچىسەن؟

مەن ......- ئابدۇللا تىلىنى چايناپ نىمە دىيىشنى بىلەلمەي قالدى .

- سىنى كىم چىللاپ كەلدى، يوقال بۇ ئۆيدىن، ئىككىنچى بۇ ئۆيگە كىرگۈچە بولما.- دىدى گۆھەرنىڭ دادىسى ئابدۇللاغا ئالايغىنىچە .

- بۇ نىمە دىگەنلىرى، مەن سىلەرنى گۆھەرنى كۆرۈپ كىلەي دەپ كەلگەن.- دىدى ئابدۇللا ئارالا .

- گۆھەرنى تىلىڭغا ئالغۇچى بولما، ئۆيدىن چىق، گۆھەرمۇ سەن بىلەن كىلىشمەيدۇ، ئىشەنمىسەڭ ئۆزىدىن سوراپ باق، - دىدى قىين ئاتا ئابدۇللانىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىۋىتىپ، گۆھەر ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ يۈگرىپ ھويلىغا چىقىپ دادىسىنىڭ ئابدۇللاغا قىلغىنىنى كۆرۈپ خىجىللىقىدىن نىمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى، قىزىنىڭ چىققىنىنى كۆرگەن ئاتا ئابدۇللانى ئىتتىرىشتىن توختىدى، - دە گۆھەرگە قاراپ:

- بۇ بىر نىمەڭگە ئېيتىپ قوي ئىككىنچى كەلگۈچى بولمىسۇن،- دىدى .

گۆھەر يەردىن بېشىنى ئۇستۇن كۆتۈرمەي تۇراتتى، ئابدۇللا گۆھەرنىڭ قىزىرىپ يەرگە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن :

- دادىڭىزنىڭ دىگىنى راستما،- دىيەلىدى ئارانلا .

- ھەئە، راست مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن رازى بولدۇم .- گۆھەر شۇنداق دىگىنىچە ئارقىغىمۇ قارىماستىن يىغلىغىنىچە ياتاق ئۆيىگە يۈگۈردى، ئابدۇللا گۆھەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزنى ئاڭلاپ قۇلىقىغا مۇشت قويغانىدەك ھىس قىلدى - دە تۇرغان يىرىدە قاققان قوزۇقتەك قىتىپلا قالدى، قىنى ئۇلارنىڭ ئۆز - ئارا قىلىشقان ۋەدىلىرى؟ بىر - بىرىگە سادىق بولۇپ مەڭگۈ بىرگە ئۆتىمىز دىگىنىچۇ؟ ھەت ئىست، گۆھەر ھەرگىز ئۇنداق باغرى تاش قىز ئەمەس، بۇ چوقۇم مەجبۇرى بولغان سۆز دەپ ئويلىغان ئابدۇللا ھويلىدىن بىرى يەلكىسىدىن ئىتتىرگەندەك يىنىپ چىقتى .

ئۇ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلگۈچە كۆزلىرىدىن زادىلا ياش قۇرۇمىدى، ئەجبا قىين ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇلارنى ئاجراشتۇرىۋىتىمەن دىيىشىگە نىمە سەۋەپ بولغاندۇ؟ ئەجبا مەن قىين ئاتا - ئانامنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويدۇممۇ؟ ياكى ئۇلار مىنى يارامسىز دەپ ئويلاپ

ئاجراشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلدىمۇ؟ ياق، مەن ئۇلارنىڭ دىلىنىمۇ رەنجىتكەن ئەمەس، ئۇلارمۇ ھەم مىنىڭ كىسىلىمنى دەپ بىزنى ئايرىۋەتمەيدۇ، چوقۇم باشقىچە بىر سەۋەپ بار، ئابدۇللا ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلىدى، ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ بارغانسىرى تۈگىشىپلا كەتتى، قولى ھىچ ئىشقا بارمىدى، ھە دىسىلا خىيالغا كەلگۈسىدىكى ئائىلىسى كىلىۋالاتتى، ئۇ تولىمۇ چىمغۇر، يىغلاڭغۇ بولۇپ قالدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىسى ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدىگىمۇ ئىنتايىن ئاز گەپ قىلاتتى، ئوغلىنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانا ئۆز ئوغلىغا تەسەللى بەرمەكچى بولغاندا ئابدۇللانىڭ كۆزلىرىدىن ئۈن ـ تىنىسىز ھالەتتە تارام ـ تارام ياشلار قويۇلدى، بۇنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ قەلبلىرىمۇ ئوغلىغا قاراپ ئىنتايىن پۇچىلاندى، لىكىن نىمە ئامال تەقدىر شۇنداق تۇرسا، ھىلقى تەرسا مىجەز قىرىنى سۆزگە كىرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەستە .

ئابدۇللا كۈنسايىن تۈگىشىپ كەتتى، ئۇ ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى بىھۇ يۇرتتىن يىراققا كەتمەكچى شۇ ئارقىلىق ئۇنى يەنى قەلبىدىكى كىشىنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولدى، ھايات دىگەن ئاجايىپ بولىدىكەن ياندىكى نەرسىنىڭ ئەتىۋارىنى تولۇق سەزگىلى بولمايدىكەن لىكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا ئاندىن ئۇنىڭ كەملىكىنى سىزىپ ئۇنىڭ تۇرۇشتىكى روھنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا مۇھتاج بولىدىكەن، لىكىن ئابدۇللا بولسا گۆھەر يىنىدا چاغدىمۇ ئۇنىڭ قەدىرى ـ قىممىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن، ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىلسا ياشىيالمايدىغىنىنى ئوبدان تونۇپ يەتكەن، ئابدۇللا گۆھەر بىلەن ئاجراشماي يىراققا سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ يولغا ئاتلاندى، ھازىر گۆھەرنىڭ يەڭگۈشگە ئازلا ۋاقىت قالدى، ئۇ تۇغۇپ بولغىچە ئامال قىلىپ ئاجراشماي تۇرسا بالا تۇغۇلغاندىن كىيىن شۇ سەبى بوۋاقنىڭ مىھرى ـ مۇھەببىتى بىلەن بوۋاي ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ يۇرت ئايلىنىپ كەلگەچ ئۆز كۆڭلىگە ئۆزى تەسەللى بەرمەكچى بولدى .

مانا ئۇنىڭ نەچچە مىڭ چاقىرىمدىكى چوڭ شەھەرگە كەلگىنىگىمۇ ئون كۈنچە ئەتراپىدا بولۇپ قالدى، بۇ شەھەر شۇنچە چوڭ، شۇنچە پاكىزە، شۇنچە تەرەققى قىلغانكى يىزا تۇرمۇشى، يىراقتىكى سەھرانىڭ قىياپىتىگە ئەسلا ئوخشىمايتتى، شەھەرنىڭ شۇنچە ئالاھىدە بولىشىغا قارىماي كىشىلىرىمۇ مۇلايىم، ئىللىق چىراي ئىدى، دىمەك بۇ شەھەر ئۇنىڭ يىراق سەھرادىكى تەرەققى قىلمىغان «قالاق» يۇرتىدىن خىلىلا پەرقلىنەتتى، دىمەك بۇ شەھەردە ھەر قانداق بىر ئىش ـ ئوقەت، تىرىكچىلىك قىلسا ئەلۋەتتە ئالغا باسقىلى بولاتتى، لىكىن ئابدۇللاغا بۇ شەھەرنىڭ ھىچقانداق بەرىسسى يارىمىدى .

»كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتىڭدا ئۇلتان بول» دىگەنىدەك بۇ شەھەرنىڭ تەرەققى قىلغان مۇھتىدىن ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ «قالاق» مۇھتىنىڭ مۇھەببىتى ئۈستۈن كەلدى، ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ مەنزىرىسى، ئالاھىدىلىكى تەسىر كۆرسىتەلمىدى بولغاي ھە دىسىلا ئانا يۇرتى، دىھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا ھەمىشە توپا ـ تەرەت يۇرىيدىغان لىكىن ئۆزى ئۆچۈن بەكمۇ مۇھىم بولغان مىھرىبان ئاتا ـ ئانىسى، ئىنى سىڭىللىرى، ئۆزىنىڭ ئىشقىدا كىچە ـ كۈندۈز كۆيۈپ پىشقان، يەتكۈچە دەرت تارتقان سۆيۈملۈك ئايالى گۆھەر ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇققان، دوست يارەنلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ يىراق كەتمىدى، ئۇلارغا بولغان سىغىنىشى، مۇھەببىتى، تىخىمۇ ھەسسىلەپ كۈچەيدى، ئۇ بۇ يۇرتتا كىلىش بىلەن بەلكىم گۆھەرنى ئۇنتۇپ كىتىپ ئاجرىشىپ كىتەرمەن دىگەن خىيالنى قىلغانىدى، لىكىن ئۇنى كۆرمەي، ئۆزى ئۈچۈن تونۇشسىز بولغان بۇ يۇرتتا يۈرۈش جەريانىدا گۆھەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى يەنە بىر قىتىم قايتىدىن چۈشۈنۈپ يەتتى، ھەم سىغىنىش ئىلگىرىكى ھەر قانداق چاغدىكىدىن تىخىمۇ كۈچەيدى، ئۇ ئۆيدىكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ ئۆيىگە تىلىفۇن ئۇرماقچى بولۇپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى .

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ،ـ قارشى تەرەپتىن ئۆزىنىڭ كۆيۈمچان سىڭلىسى سەنۇبەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام مەن ئاكىڭىز ئابدۇللا .

ـ ياخشى تۇردۇڭمۇ ئاكا.

ـ مەن ياخشى ئۆزۈڭچۇ؟

بىزمۇ ياخشى تۇرىۋاتىمىز، ئاتا ـ ئانىمىز سىنى بەكلا سىغىنىپتۇ، مەنمۇ سىنى كۆپ سىغىندىم .

ـ مەنمۇ سىلەرنى سىغىندىم .

ئۆز ـ ئارا تىنچلىق سورىشىشتىن كىيىن سەنۇبەر ئاكىسىغا گۆھەرنىڭ يىقىندىلا يەڭگۈگىنىنى ئىيتىپ ئۆيىگە قايتىپ كىلىشنى ئىيتتى .

ئابدۇللا بۇ خوش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كىيىن ئۇنىڭ قولىقىغا ھىچقانداق بىر گەپ سۆز كىرمىدى، ئۇ سىڭلىسىنىڭ كىينكى سۆزلىرىگە قۇلاق سالماستىن تۇرۇپكىنى قويىۋەتتى ـ دە خۇشاللىق ئىچىدە شىرىن خىياللارغا پاتتى، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بارىدۇ، ئوماق بالىسىنى گۆھەر بىلەن ئىككىسى تالىشىپ يۈرۈپ قولىدىن چۈشۈرمەي باقىدۇ، ئابدۇللانىڭ ئاتىسى ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدە خۇشاللىقىدىن ئوغلىغا مەستىلىكى كىلىپ كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى رەڭگى ئۆكۈپ كەتكەن كۆينىكىنىڭ يەڭلىرى بىلەن سۈرتۈپ بىر ـ بىرىگە تەسەللى بىرىشىدۇ، گۆھەرنىڭ ئانىسى بىلەن ئاتىسىمۇ دەسلىپىدە ئابدۇللا بىلەن گۆھەرگە ئالىيىپ قارىغان بولسىمۇ لىكىن ئوماق نەۋرىسىنىڭ شوخ كۈلۈشلىرى، ئوماق ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكىنى يوقۇتۇپ گۆھەر بىلەن ئابدۇللانىڭ قوللىرىنى تۇتقان ھالەتتە:

ـ باللىرىم سىلەر ئەمدى تىنىچ ئامان تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار بىز سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارغا تۇسالغۇ بولمايمىز، ـ دىيىشىۋاتىدۇ، بۇ سۆزلەر بوۋاينىڭ ئاغزىدىن شۇنچىلىك مۇلايىم سىپايىلىق بىلەن چىقىۋاتىدۇ، ئابدۇللانىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشىدۇ، ئۇ ئاخىرى قىيىن ئانىسى بىلەن قىيىن ئاتىسىنى تەسىرلەندۈرۈپ ئۇلارنى قايىل قىلدى، ئابدۇللا شۇ شىرىن خىياللار ئىچىدە ئۆزىنى بەزلىدى

ـ دە دەرھال ئۇزۇن يوللۇق ئاممۇی قاتناش بكتتگە كەلدى، ئۇ يۇرتغا باردىغان ماشىنىنىڭ بىلىتىدىن بىر تالنى بىلەتنى كۆتۈرگىنچە ماشىنغا چىقتى .

ئابدۇللا ئىككى كېچە بىر كۈندۈز ماشىنغا ئولتۇرۇپ ئۆز يۇرتغا قايتىپ كەلدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنچىلىك ئۇزۇن سەپەرگە چىقمىغاچقا ئۆز يۇرتىدىن يىراق بولغان بۇ شەھەرگە كىلىپ بولغىچە ماشىندا ئولتۇرۇش بەكمۇ تەس كەلگەنىدى. لىكىن بۇ قىتىم ئۆيگە قايتارچىغىدا شىرىن خىيال بىلەن قايتقان بولغاچقا يول ئازابى-گۆرئازابى ئەمەس ئۇنىڭغا لەززىتى بولغاندەك ھىس قىلدى. ئۇ پۈتكۈل خىيالدا گۆھەر بىلەن قايتىدىن بىرگە بولۇش ئىستىكىدىن ئۈمۈت ئۈزمەى ئۇ چىرماش خىياللار ئىچدە ئاخىر ئۆز يۇرتغا قايتىپ كەلدى .ئۇ ئۆيگە؛

ـ ئەسسالامۇ-ئەلايكۇم ـ :دەپ كىرشگىلا ئەمدىلا يىتىپ ئاررام ئېلىشقا تەمشەلگەن دادىسى ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدە ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز قايتىپ كەلگىنىدىن خۇشال بولۇپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئابدۇللانىڭ بوينىغا ئىسلىپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى . ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدە ئوغلى ئابدۇللا يۇرتنى تاشلاپ يىراقتىكى بىر شەھەرگە كەتكەندىن كىيىن ئۇنى بەك سېغىنغانتى .بولۇپمۇ ئالىيە ھەدە مۇشۇ كەمگىچە ئوغلىدىن تۆت كۈن ئايرىلىپ باقمىغان بولمىغاچقا كۈنسىرى يىغلاپ كۈنلىرنى تولمۇ تەسلىكتە ئۆتكۈزگەنىدى .

ـجىنىم بالام تىنچ ئامان كەپسەن ،سىنمۇ كۆردىغان كۈنلەر بولدىكەن. ھە؟ نىمدەپ بىزنى تاشلاپ كېتسەن؟ بېشىڭغا ھەرقانداق ئېغىر كۈنلەر كەلسىمۇ دادائ ئىككىمىز ساڭا يارىيۆلەك بولىمىز ئەمەسمۇ ؟سەن بىزدىن بىزار بولدىڭمۇيا؟ ئەمدى بىزنى تاشلاپ ھەرگىزمۇ يىراقلارغا كەتمگى؛ـ ـ ـ. ئالىيە ھەدە ئوغلىنىڭ بوينىغا ئېسلىپ يىغلاپ ھەدەپ ئىسەدەپ شۇ گەپلەرنى قىلدى.ئۇ ئوغلىدىن تولمۇ ئەنسىرگەنتى .

ـبولدى ئانا يىغلىمىسلا مەن ئەمدى ھەرگىزمۇ يىراقلارغا كەتمەيمەن .سىلەرنى ھەرگىز يىغلاتمايمەن .بولدى قىلىسلا يىغلىمىسلا !

ــئابدۇللا ئانىسىنىڭ كۆزلىردىكى ياشلارنى سۈرتكەچ ئۆزمۇ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى . ئۇ ھەققەتەنمۇ ئۆزگە كەلگەن ھجران ئازابنى دەپ يۇرتتىن يىراقلارغا كەتكەنىدى .لىكىن دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆزنىڭ پىراقىدا پىشپ قىينىلىدىغىنى ئەسلەپمۇ قويمىغانتى .ئابدۇللانىڭ دادىسى بىرتەرەپتە گەپ-سۆز قىلماي ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئابدۇراخمان ئاكا گەپ قىلمىغنى بىلەن ئۇنىڭ كۆزدىنمۇ ئىككى تامچە ياش سىرغىپ تۇراتتى. ئابدۇللا دادىسنىڭ ئۆزدىن رەنجىگىننى

بىلىپ ئاستا ئۇنىڭ قىشغا كەلدى ،دە بىشنى تۆۋەن سىلىپ خۇددى گۇناھكار كىشدەك:

ـدادا مىنى كەچۈرسىلە ،ئەمدى ھەرگىزمۇ سىلىنىڭ دىللىرنى رەنجىتمەيمەن...

ئابدۇللانىڭ سۆزى تېخى تۈگمەيلا ھەرئىككىلسى خۇددى كىچىك باللادەك بىر-بىرىنى قۇچاقلاپ ئۈن سىلىپ يىغلاپ كەتتى. مانا ئابدۇللانىڭ قايتىپ كەلگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى. ئۇ ھىلقى گۈزەل شەھەرنى يالغۇز ئانىسغا بولغان سىغنىشنى دەپلا ئەمەس يەنە ئۆزى ئۈچۈن سۆيۈملۈك بولغان قەدىرلىك ئايالى گۆھەر ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئۈمۈدىنىڭ پەخرى بولغان ئوماق قىزىنىڭ مىھرى-مۇھەببىتنى ئىزلەپ كەلگەنىدى. ئانا باللىنىڭ پىراقى، مۇھەببىتى ئابدۇللانى تېخىمۇ قىينىدى ،تىخىمۇ سىغىندۇردى.

ئىنسانىنىڭ يۈرىكى بىر پارچە گۆشتىن يارتىلغان. مىھرىبان ئاللا ھەربىر ئىنسانغا شۇ كىشنىڭ يۈركىنى شۇ كىشگە مۇناسىپ ھالدا شۇ كىشىنىڭ سول قولىنىڭ مۇشتۇمى چوڭلۇقىدا يارتقان بولۇپ ئۇ يۈرەك شۇ كىشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر سادىق خىزمەت قىلىشى كىرەك ئىدى. ئەپسۇس بۇ يۈرەك ئابدۇللانىڭ نەچچە ۋاقتىتىن بىرى تارتقان دەرت ئازاپلىرغا بەرداشلىق بىرەلمەي كۈنسىرى تارىيىپ قورلۇپ ئابدۇللانىڭ جۇغىغا ماس كەلمەي ئەسلى ھالتىدىن كىچكلەپ بۇگۆشتىن يارتىلغان يۈرەك چىرىپ كەتكەندەك ئابدۇللانىڭ كۆكرىكى ئاچچىق ھەسرەت ئىچدە ئازابقا تولدى . ھازىر ئابدۇللانىڭ كۆڭۈل ئاغرىقى تىنگە شۇنداقلا ئىنسان ئۈچۈن مۇھىم سانلىدىغان يۈرەككە يۆتكەلگەنىدى.

ئابدۇللا بۇ ئاغرىققا زادىلا بەرداشلىق بىرەلمدى .دۇنيادا ھەر قانداق كىسەلگە دورا تېپىلدۇ .ھەتتا ساقايماس كىسەلنىڭ ئۆلۈمدىن ئىبارەت ئەڭ ئاددى ئۇقۇمى بولدۇ.

ئابدۇللانىڭ قەلب ئاغرىقىنىڭ دورسى ھىلقى ئاددى دورا ‹‹ئۆلۈم ‹‹ بولماستىن بەلكى ئۆزى ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان گۆھەر ۋە ئوماق قىزى ئىدى ھەم ئۇنىڭ قىين ئاتسىنىڭ

قوشۇلشى ئىدى .ئۇ ئۇيلا-ئۇيلا ئاخىرى ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە قىين ئاتسىنىڭ ئۆيگە يەنە بىر قىتىم بىرىپ ئۇلارنىڭ رازلىقىنى ئىلىشماقچى بولدى.

ـبولدۇ ئوغلۇم سىنىڭ ئازابلىنىشىڭنى بىزمۇ كۆرۈشنى خالمايمىز.سەنلا خۇشال بولدىغان ئىش بولسا بىز سىنىڭ ھەرقانداق ئىشڭغا تەييار ـ: مانا بۇ ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ چىن-دىلدىن چىققان سۆز ئىدى . ئابدۇراخمان ئاكا ئۆزى بىرئاز ئىتتىك مىجەز ئادەم بولسىمۇ لىكىن كىشلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى .يۇرت ئىچدە باشقىلار بىلەن ئازارلىشىپ قالمايتتى .قولۇم-قوشنىلىرى ئارا ئىناق ئۆتەتتى.ئۆي ئىچدىمۇ پەرزەنتلىرگە ئىنتايىن ئامراق

ئىدى .ئۇلار ئۈچۈن بارلىقنى بىغشلايتتى ،بولۇپمۇ ئابدۇللا توي قىلىشتىن ئىلگىرى كۆز كىسىلگە گىرپتار بولغاندىن كىيىن ئۇنىڭغا قاراپ ئىچى سىرلىدىغان ،يالغۇز قالغاندا ئۆزنىڭ نەچچە يىللىق رەپىقىسى بولغان ئالىيە ھەدە ۋە باشقا پەرزەنتلىردىن يوشۇرۇنچە كۆزيىشى

قىلدىغان بولۇپ قالدى .كىيىن ئوغلىنىڭ توي قىلىپ بەختلىك ئۆتەلمىگىنىنى كۆرۈپ تىخىمۇ شۇنداق بولدى.
پەرزىنت ئاتا-ئانىنىڭ جان تومۇرى. ئۇ ئۆزىنىڭ جان تومۇرىنىڭ تىخى بالدۇرلا سولىشىپ كىتىشىگە چىداپ تۇرالمايتتى. ئابدۇراخمان ئاكا ئەسلىدە گۆھەرنىڭ دادىسىنىڭ ئۆتكەندە قىلغان ئەدەبسىزلىكى(يەنى گۆھەرنى قايتۇرۇپ كەتكەندە قىلغان ناچار ،ئەخلاقسىز سۆزلىرى (ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارماي پەرزەنتلىرىنى ئاجراشتۇرۋىتىشنى قارار تاپقانتى. لىكىن ئوغلى ئابدۇللانىڭ قايتىپ كەلگەندىن كىيىن يەنىلا پەرشان يۈرگىنىنى كۆرۈپ ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرىپ جاھىل قىرىغا يەنە بىر قىتىم يىلىناقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرىشقا قوشۇلدى. ئابدۇراخمان ئاكا ئالىيە ھەدە ۋە ئابدۇللا ھىلىقى شەھەردىن مەخسۇس ئايالى ۋە قىزى ئۈچۈن سىتىۋالغان نەرسە كىرەكلىرىنى ۋەئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدە ئۆيدە تەييارلىغان لازىمەتلىكلەرنى ئىلىپ گۆھەرلەرنىڭكىدەك قاراپ يول ئالدى.
-كەلگەنلىرى ئوبدان بوپتۇ. قىزىم تۇغدى. يەنە كىلىپ بالىمۇ قىز. بۇ بالىنى سىلەر بىقىپ تەربىيلەمسىلەر ياكى بىزمۇ؟-: دىدى گۆھەرنىڭ دادىسى ئابدۇللالارنىڭ كىلىش مەقسىتىنى ئۇققاندىن كىيىن ئابدۇراخمان ئاكىغا بۇ نىمە دىگەنلىرى قىزىمىز تىنچ-ئامان يەڭگۈللۋاپتۇ. بىز بالىنىڭ ئات توينى ئۆزىگە يارىشا قىلساق ئەمدى سىلىنىڭ ئاچچىقلىرىمۇ يانغاندۇ؟ بىز پەرزەنتلىرىنىڭ بەختىگە ئولتۇرمايلى-دىدى ئابدۇراخمان ئاكا چوڭقۇر ئويلانغاندىن كىيىن-ياق مەن ئالىلقاچان بىر قارارغا كىلىپ بولدۇم. ئۇلارنى ئاجراشتۇرۋەتمىسەم ئۆلسەممۇ ھەرگىز گۆردە خاتىرجەم ياتالمايمەن.
-بۇ نىمە دىگەنلىرى سىلى ئەجەبا ئۇلارنىڭ) پەرزەنتلىرىمىزنىڭ) بەختلىك ئائىلىسىنى مۇشۇنداقلا تۈگەشسۇن دەمدىلا؟
-سىلى نىمە جىق سۆزلەيدىلا؟ بولدىلا ئوغۇللىرىغا نەسھەت قىلىپ قىزىمنى قويدۇرۋەتسىلە، ئەمدى قىزىمغا يىپىشۋالمىسلا ئوغۇللىرىغىمۇ باشقا خوتۇن چىقىپ قالار.
-قۇدام بىز بەكرەك ئويلىشىپ بىرىش قىلايلى. دەسلىپىدە ئۇلار تويغا قىتىلمىسا ئۇلارنى مەجبۇرلاپ توىلاپ قويدۇق. ئەمدى بۇ نىمە ئىش؟ ئۇلارنى ياخشى ئۆتكەندە بولسا..... ھەي....سىلى ئۇلارنى ئايرىۋىتەيلى دەيدىلا، يەنە كىلىپ بۇ نارەستىدە دۇنياغا كىلىپلا يىتىم بولۇپ قالسا ئۇنىڭ گۇناھى كىمگە؟ ئاشىق-مەشۇقنى بىر-بىرىدىن پەرزەنتنى ئاتا-ئانىدىن ئايرىۋىتىش ئىغىر گۇناھ ئەمەسمۇ؟
-ئۇنىڭ گۇناھى ماڭا بولسۇن. تولا سالچىدەك چاپلاشماي قىزىمنى قولۇمغا بەرسىلە. ئوغۇللىرىغا خوتۇن چىقماي قالسا مەن ئىغلىدىكى مادا ئىشەكنى بىرەي.-ئابدۇللانىڭ قىنى ئاتىسى سۆزلەۋىتىپ ئاچچىقلاپ قالدى،ئۇ ياخشى گەپ بىلەن مەخستىگە يىتەلمەيدىغىنىنى سەزگەندىن كىيىن ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ يامان سۆزلەر بىلەن ئابدۇراخمان ئاكىلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ بىرياندا ئولتۇرغان ھاقارەتلىك كۈيئوغلى ئابدۇللانى ھاقارەتكە باشلىدى. ئۇ پەرزەنت دىگەن يۈرەكنىڭ جان تومۇرى دىگەن ھەقىقەتنى بىلىدىغان بولغاچقا شۇ يامان سۆزلەر سەۋەبىدىن ئابدۇراخمان ئاكا ئاچچىقىدا شۇلارنى ئايرىۋىتىشكە قوشۇلۇپ قالاتتى .
-مەن ئوغلۇمغا خۇتۇن چىقما سلىقىدىن ئەنسىرگىنىم يوق. ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت مادا ئۆزلىرىگە قالسۇن. مەن پەقەت سلىنىڭ قىزلىرىغا ئەر ئەمەس ئەتە-ئۆگۈن بىرەر ھاڭگىغىمۇ چىقماسلىقىدىن ئەنسىرگەن ئىدىم. بولدۇ ئۇلارنى ئايرىۋەتسەك ئايرىۋىتەيلى:-ئابدۇراخمان ئاكا قۇدىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئوغلىنىڭ ھاقارەتلەنگىگە ئۇلار چىداپ تۇرالمىدى. لىكىن ئۇ ئۆزىنى بىر ئاز بولسىمۇ بسۇيلىپ تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى. لىكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ ئىغىر كەتكەن بولۇپ ۋەزنى بەكلا چىك چىقىپ تۇراتتى .ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ ئابدۇراخمان ئاكىمۇ ئاچچىقىنى باسالماي قۇدىسىغا دەل جايىدا رەدىيە بەردى . سىرتتا تۇرۇپ ئۆيدىكىلەرنىڭ پارڭىنى تىڭشاپ تۇرغان گۆھەر سۆزلىرنى بىر-بىر ئىنىق ئاڭلاپ يۈزنى تۇتقىنچە يىغلاپ سىرتقا ئۆزنى ئاتتى .ئۆي ئىچىدىكى قوپال گەپ سۆزلەر ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئىغىر كەلگەنتى.ئۆي ئىچىدە سۆھبەتكە داخىل بولۇپ گەپ سۆز قىلماي جىم ئولتۇرغان ئابدۇللا ئىشنىڭ بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگىنىدىن تولىمۇ بىئارام بولدى.ئۇ دادىسى بىلەن قىين ئاتىسىنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىدىن خىجىل بولغىنىدىن تولىمۇ ئازابلاندى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر چارە بارلىق ئارنۇمۇسنى بىرتەرەپكە قايرىپ قويۇپ ئۆز ئائىلىسىنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن تىزلىنىپ تۇرۇپ قىين ئاتىسىدىن ئەپۇ سوراش ئۇنىڭغا يىلىنىش ئىدى. لىكىن بۇ چارىمۇ ئۇنۇم بىرەمدۇ- يوق بۇنىسى ئابدۇللاغا نامەلۇم. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىلچىلىك ئۈمۈدسىزلەنمىدى، ئىمكانىيەت بولسا تىرىشىپ بىقىش كىرەك ئىدى .شۇڭا ئۇ تامغا يۈلىنىپ تۇرغان قىين ئاتىسى بىلەن قىين ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى، دە تىزلىنىپ ئولتۇردى.ئۇ خۇددى ئىغىر گۇنا ئۆتكۈزگەن ، ئۆزگە ھۆكۈم ئىلان قىلىنىشنى كۈتۈۋاتقان جىنايەتچىگە ئوخشاپ قالغانتى،ئوغلىنىڭ قىين ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن ئابدۇراخمان ئاكا نىمە قىلارنى بىلەلمەي تىت بولۇپ قالدى .بۇ ئۇنىڭغا نىمە كەلگۈلۈك.ئۇ ئوغلىنى كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى ئاسراپ چوڭ قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئوغلىنىڭ ھەمىشە باشقىلارغا بويۇن قىسماي يىلىنماي مەغرۇرلۇق بىلەن ياشىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئوغلىنىڭ گۆھەرنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىنى قايتىدىن چۈشەندى، ئەگەر ئۇگۆھەرنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرمىگەن بولسا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا قىين ئاتىسى بىلەن قىين ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىزلانماس ئىدى .لىكىن ...ھەي بۇ ئۇنىڭغا نىمە تارتقۇلۇق؟ مۇھەببەت ئۈچۈن يەنە نىمە جازا، نىمە مۇكاپات بار ؟ ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى .ئۇ ئاستا يىشنى سۈرتۈپ، ئىغىر تىنىپ تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئالىيە ھەدمۇ ئابدۇراخمان ئاكىغا ئوخشاشلا ئازابلىنىۋاتاتتى،ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ئىختىيارسىز ھالەتتە ياش تۈكۈلۈپ كەتتى. ئۇمۇ ئاستا ئابدۇراخمان ئاكىغا ئەگەشتى.
-جىنىم دادا –دىدى ئابدۇراخمان قىين ئاتىسغا قاراپ – مەن ئالدىلىردا نىمە گۇنا ئۆتكۈزدۇم .بۇنى مەن بىلەلمىدىم ،ئەگەردە

سلنىڭ كۆڭۈللرنى رەنجتىپ قويغان يەرلرىم بولسا منى كەچۈرۈۋەتسلە .سلى دىگەن ئاتا،بز بولساق بالا بالا بولغۇچى ئۆز ئاتا-ئانسغا ۋاپادار بولشى كرەك .مەن بۇنىڭدىن كين چوقوم سلى دىگەن يەردىن چىقشقا ترىشمەن ،گۆھەر بلەن ئككمز ھەققەتەن بربرمزنى ياخشى كۆرمز. بربرمزدىن ئايرىلساق ياشمقمز بەكمۇ مۇشكۇل،سلنىڭ بزگە ئچلرى ئاغرسۇن.يەنە كىلىپ ئەمدى تۇغۇلغان مۇشۇ ئوماق قىزمز تىرىك يىتم بولۇپ قالمسۇن. ئۇ دۇنياغا كلپلا يىتملكنىڭ دەردىنى تارتسۇنمۇ؟ مۇشۇ نارەسدىنىڭ ھۆرمتىدىن بولسمۇ بزنىڭ تۇرمۇشمزنى قوللسلا ،سلدىن ئۆتۈنۈپ قالاي. بالا بولغۇچى خاتالىقتىن خالى بولۇشى ناتايىن.مەن بلىپ بلمەي قلىپ سالغان خاتالىقلرىم بولسا ماڭا ئەسكەرتىپ بەرسلە، مەن تۈزتەي.لىكن بزنى ئارۋەتمسلە ، -ئابدۇللا شۇ سۆزلەرنى قىلۋتىپ يامغۇر كەبى ياشلارنى ئىقتىپ زار-زار يغلاپ تاشلىدى.يۈركى تاشتىن پۈتۈلگەن ئىنسان بولسمۇ قەلبى يۇمشغان بولاتتى.
لىكن بۇ كىشى پىشنى قىقپلا ئورنىدىن تۇردى دە -ئابدۇللاغا قاراپ :- بىر-بىردىن ئايرلغانغا ئۆلۈپ قاپتۇ دىگەننى ئاڭلمدىم.ئاجرشپ كىتىڭلار دىگەنىدىكىن ئاجرشپ كىتىڭلار.سلەر ئاجرشپ كەتمسەڭلار ئۆلسەممۇ گۆرۈمدە خاتىرجەم ياتالمايمەن-: دىگىنچە ئالدى كەينگمۇ قارماي سرتقا چىقىپ كەتتى .
ئابدۇللا بىر ھازا ئسەدىگەنىدىن كين ئاستا ھوشنى يىغدى ،دە ئۆمۇ سرتقا چىقتى. ئابدۇراخمان ئاكا ھارۋىنى تەييار قىلىپ تۇراتتى. ئالىيە ھەدە ئوغلنىڭ ھوشسز كىشىدەك چىققىننى كۆرۈپ دەرھال ئۇنى يۆلىۋالدى-دە ئاستا ھارۋىغا چىقاردى، ئۇلار«ئۆزى كەلگەن يارەي، ئۆزى كەتكەن يارەي» بولۇپ ھىچ كىشى بلەن خوشلاشمايلا ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئابدۇللا ئۆيىگە كەلگەنىدىن تىخىمۇ جىمخۇرلىشپ كەتتى، ئابدۇراخمان ئاكا بلەن ئالىيە ھەدە ئوغلنىڭ قاتتىق ئازاپ ئچىدە تىڭرقاپ يۈرگىننى كۆرۈپ نىمە قىلارىنى بلەلمەي گاڭگرى. ئۇلار بىر كۈنى ئوغلنى چاقرىپ ئۇنىڭغا تەسەللي بەرمەكچى بولدى-دە
-ئوغلۇم، سەن دىگەن ئوغۇل بالا، ئاللا سىنى ئايال كىشىدىن قىسىپ قويغىنى يوق، بز ساڭا گۆھەردىنمۇ ياخشى بىر قىزنى تىپىپ بىرەيلى شۇنىڭ بلەن توي قىلىۋال. بولدى ئۇنى ئۇنتۇپ كەت،-دىدى. لىكن ئابدۇللا بىشنى يەردىن ئۇستۇن كۆتۈرمەي بىر ئىغىزمۇ سۆز قىلماي يەرگە قاراپ ئولتۇرۋالدى.
بىر نەچچە ۋاقت مۇشۇ تەرىقدە ئۆتتۇەردى. بىر كۈنى تۇيۇقسز، گۆھەردىن بىر پارچە خەت كىلىپ قالدى .ئابدۇللا دەرھال خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. خەت مۇنداق يىزىلغان ئىدى.
ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم؟
قەدىرلىك ئابدۇللا ياخشى تۇرۋاتامسز؟ نەچچە ۋاقتتىن بىرى بىر- بىرمزدىن ئايرىلىپ نىمە كۈنلەرنى كۆرىۋاتىسز؟بۇنىسى ماڭا ئازراق بولسمۇ مەلۇملىق، منى كەچۈرۈڭ، مەن بۇ خەت ئارقلىق ئوت ئۈستىگە ياغ چاچماقچى بولدۇم. مەن دادامغا سىز منى ئاجرىشپ كىتشكە «قۇرئان كەرىم»نى تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بەردىم. مەن قەسەمنى ئورۇندىمسام بولمايدۇ، مەن ئامالسز قالدىم. ئاخر ئككمزنىڭ مۇھەببتنى قۇربان قلمسام بولمايدىغان يەرگە يەتتىم. بولدى جىق سۆزلمەي. گەپنىڭ دەل ئۆزنى قىلاي ھەپتىنىڭ ئۈچنچى كۈنى بز خەلق ئىشلار ئىدارىسىدا كۆرۈشەك، شۇ كۈنى ئاجرىشپ كىتەيلى. منى چۈشنىڭ سىز بولسڭزمۇ منى قينىماڭ. منىڭ كۆڭلۈمنى ھىچكمگە چۈشەندۈرەلمدىم خەيرى
سزنى سۆيۈپ، سزگە ئامانلىق تىلەپ:
ۋاپاسز ئايالڭز، گۆھەردىن
خەت شۇنچە قسقا، شۇنچە چۈشۈنكسىز يىزىلغاندى. ئابدۇللانىڭ بارلىق ئۈمدى گۆھەردە قالغاندى. لىكن ئەمدىچۇ؟ بۇ خەت.....
مۇشۇ يىزىلغان چۈشنكسز خەت گۆھەرنىڭ خىتى ئەمەسمۇ ئۇمۇ ئاجرىشپ كىتەيلى دەۋاتسا منىڭ كۆڭلۈم نىمگە ھىساپ بولاتتى. ئابدۇللا شۇ خىيال ئچىدە ئاستا مڭىپ گۆھەر بلەن تۇنجى ئۇچراشقان باققا چىقتى. دە باغدىكى مۇۋە-چىۋىلەرنى ئارىلاپ بىر ئاز بولسمۇ كاللىسنى سەگىتمەكچى بولسا، مانا بۇ سىلەرنىڭ ئاجرىشش قەغىزڭلار بىرىڭلارغا بىر تالدىن ئوبدان ساقلاڭلار. قايتا نىكاھلانغاندا مۇشۇ بولمسا توي خىتى ئالالمايسلەر.-سىرىق چىراي، كالتە چاچ كەلگەن يىگىرمە بەش ياشلاردىكى ياش يىزىلىق كەلگەن چوكان ئابدۇللا بلەن گۆھەرگە شۇنداق دىگىنچە ئۇلارنىڭ بارماقلىرى بىسلغان كۆك تاشلىق ئاجرىشش قەغىزنى تارقتىپ كىردى. مانا ئەمدى ئۇلار ئاجرىشپ كەتتى. ئۇلار ئىلگرى بىر جان، بىر تەن بولغان بولسا بۈگۈن ئۇلار باشقىچە بىردۇنيا باشقىچە بىر ئىنسان بولۇپ قالدى. ئابدۇللا قولىدىكى خەتكە قارىدى. ئۇ گۆھەرگە كۆزنىڭ قۇيرۇقدا قاراپ ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىدىن تولىمۇ يىراقتا قالغىنىنى ھىس قىلدى. ئۇ ئويلاتتى ئەجەبا مۇشۇ بىر پارچە قەغەزنىڭ رولى شۇنچىلىك چوڭمىدۇ؟ مۇشۇ بىر پارچە قەغەز تۇرمۇش تەقدىرنىڭ قانداق بولۇشنى بەلگىلەمدىغاندۇ؟ ئۇ ئىلگرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كىتىدىغان قەغەزنىڭ قىزىل تاشلىقنى ئالغاندا ئۆز بەختنى تاپقان ھاياتنىڭ مەنىسنى، لەززتنى تىتىغاندەك بولغان. ئۇ بىر پارچە قەغەز ئوتتەك ئابدۇللانىڭ ۋۇجۇدىنى ئىللق بىر سزىم بلەن ئىستقان ئىدى. ئەپسۇس مانا ھازىر قولدىكى ھىلقى بىر پارچە ئوتقا ئايلىنالايدىغان قىزىل تاشلىق قەغەز ھازىر پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى مۇزلىتىپ توڭلىتىدىغان كۆك تاشلىق قەغەزگە ئايلىنىپ توڭلىتش ساندۇقدەك ئۇنىڭ يۈركنى مۇزلاتقاندەك ھىس قىلدى.گۆھەرنىڭ قولدا ئابدۇللانىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن نارەسدە قىز بىردەم ئانىسغا بىردەم دادىسغا قاراپ ئۆزنىڭ چۈشنكسز ،تاتلىق تىلدا بىر نىملەرنى دەپ پىچرلايتتى. ئۇ ھازىر 7-8 ئايلىقنىڭ قارىسنى ئالغان بولۇپ باشقىلارغا ئەركىلىگىدەك بولۇپ قالغاندى. ئۇنىڭ تاتلىق ئۇماق كۈلۈشلرى، ئاللىقانداق بىر نىملەرنى دەپ پىچرلاشلرى ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ مەستلكنى كەلتۈرمەي قالمايتتى

.ئۇخۇددى ئانىسى گۆھەرگە ئوخشاشلا تولىمۇ ئوماق ، بەكمۇ چىرايلىق ئىدى، ئابدۇللا بۇنارسىدە قىزغا ھەددىدىن زىيادە ئامراق ئىدى، ئىلگىرى ئۇنىڭ خىيالىغا پەقەت گۆھەرلا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا مانا ئەمدى ئۇنىڭ خىيالىغا يەنە بىر يېڭى ھۆكۈمران يېڭى مېھمان قوشۇلغاندى. ئابدۇللا مۇشۇ كۈنلەردە ئاشۇ نارەسىدە بالىنى تولا خىيال قىلدىغان،كۆپ كۆرگۈسى كېلىدىغان بولۇۋالدى.ئۇ قىزنىڭ تۇغۇلۇپلا تىرىك يېتىم بولۇپ قېلىشنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۇ قىزى ۋە ئايالنى دەپ ئازجاپا تارتمىدى.قولدىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسنى قىلدى.لېكىن..... رەھىمسىز رېئاللىق ئۇلارغا يۈزلەندى.تەقدىر ئاخىر ئۇلارنى بىر-بىردىن ئايرىپ بۇ بىر ئائىلىدىكى ئىككى كىشىگە ،(ياق توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا ھاياتنىڭ لەززىتى ،ئاچچىق چۈچۈك تەمنى تېتىشقا تەييارلىنىۋاتقان نارەسىدە قىزنى قاتتىقاندا ئۈچ كىشىگە ( ھىجرانىنىڭ دەردىنى،ئايرىلىشنىڭ تەمنى،يېتىملىكنىڭ ئازابىنى يۈكلەپ قويدى. ئابدۇللا شۇ سەۋەبدىن خامۇش بىر ھالەتكە دۇچار بولدى. ئۇ ھازىر ھاياتنىڭ لەززىتى نېمە؟خۇشاللىقى قەيەردە ،غەم-قايغۇ، ئازاب قانداق بولىدۇ. بۇلارنى ئايرىيالمىغىدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئۇنىڭغا خۇشاللىقمۇ ئازابدەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالغىنتى. ئۇ قىزى تۇغۇلغان مۇشۇ7-8 ئايدىن بېرى ئۇنى بىرنەچچە قېتىم كۆردى.ئۇ قىزنى كۆپرەك كۆرۈشنى ئۇنى ئەركىلىتىشنى كىچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەنتى .

مانا بۈگۈن ئۇنىڭ قىزى كۆز ئالدىدا تۇرۇپ بىردەم ئانىسغابىردەم ئۇنىڭغا ئەركىلىگەن بولسىمۇ، ئاجىرىشىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەنلىكىدىنمۇ ياكى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تارتقان ئازابلىرى سەۋەبىدىنمۇ قىزغا قارىغۇسىمۇ كەلمىدى. ئۇ ئۆن-تىنسىزلا گۆھەرگە خوشمۇ دېمەي قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى شۇ ئارىدا ئۇنىڭ چىڭىش ئاخىرى يوق خىياللىرىنى گۆھەرنىڭ ئاۋازى بۆلۈۋەتتى.

-سىز بىلەن ئوبدانىراق بىر پاراڭلىشاي دېگەنىدىم -دېدى گۆھەر يەرگە قاراپ تىرىنقىنى تاتلاپ.

-يەنە نېمە دېمەكچىدىڭىز، ئايرىلىپ كېتەيلى دەپ خەت ئەۋەرتىپسىز،مانا گەپ سۆز قىلمايلا ئاجىرىشىپ كېتىشكە قوشۇلدۇم ،يەنە مېنى نېمە قىل دېمەكچىسىز -دېدى ئابدۇللا خاپا بولۇپ .-مېنى چۈشىنىڭ: سىزگىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ لېكىن مەنمۇ ئامالسىز قالدىم. گۆھەر شۇنداق دېگىنچە كۆزلىرىدىن ياش غىلدىرلاپ قالدى نېمەگېپىڭىز بار؟دەڭ،مەن ئاڭلايمەن.ئابدۇللا مەن بۇقتىم راستىنلا ئامالسىز قالدىم.سىزگە تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايمەن. مېنى كەچۈرۈڭ ،سىزدىن ئايرىلىپ كېتەيلى دېگىنىم سىزنى ياخشى كۆرمىگىنىمدىن ياكى باشقا بىر سەۋەپتىن ئەمەس .مەن ئامالسىز شۇنداق قىلدىم.گۆھەر شۇسۆزلەرنى قىلىۋېتىپ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تارامىلاپ ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى.ئۇ باشلىرىنى ئابدۇللانىڭ مۈرىسىگە قويىغىنچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى،ئابدۇللا ئۇنى باغرىغا باستى.ئۇلارنىڭ قولىرى تەدرىجى بىر-بىرىگە يېپىشتى.-بولىدى قىلىڭ يىغلىماڭ.باشقىلار كۆرسە سەت تۇرىدۇ .سىزمۇ ئامالىنىڭ بارىچە تۇرمۇشىمىزنى قوغداپ قالماقچى بولدىڭىز.لېكىن نېمە سەۋەپتىن ئاجىرىشىش تەلىپىنى قويدىڭىز بەلكىم پەقەت سىز ماڭا بۇتەلەپنى قويمىغان بولسىڭىز باشقىلار قانچە زورلىغان بولسىمۇ مەن ئاجىرىشىشقا قوشۇلمايتتىم. لېكىن...بولىدى بولغۇلۇق بولدى.بىز ئاجىرىشىپ بولدۇق.ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ،ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ:ئابدۇللا شۇنداق دېگىنچە گۆھەرنى ئاستا ئىتتىرىپ كۆزىدىن يىراق قىلدى،دە-خەيرى مەن كەتتىم ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ دېگىنچە ئالدى-ئارقىسىمۇ قارىماستىن بەدەر ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى،ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ نەملىشىپ كەتكەنىدى.ئۇيەنە بىرەرئىغىز سۆزنى ئارتۇق قىلغان بولسايىكى بىرئىغىزسۆز ئاڭلىغان بولسا كىچىك بالىدەك يىغلاپ تاشلىغان بولاتتى،ئابدۇللابۈگۈن گۆھەردىن راستىنلا ئايرىلدى،ئۇئۆزىگە مەڭگۈلۈك دەپ تاللىغان مەھبۇبىسىدىن ئۆمۈرلۈك ئايرىلغانىدى، ئۇئىلگىرى بەكمۇ بەختلىك ئۆتتەتتى .كىشىلەرگە سىلىق-سىپايىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى،ئۆزئايالىدىن باشقاقىزلارغا قاراپمۇ سالمايتتى،دوستلىرى ۋە باشقا تونۇشلىرىغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلاتتى .قىسقىسى ئۇھاياتتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن، كىشىلەر ئارىسىدا يۈزئابرۇيى بىلەن ياشاپ دۇنيادىن ئادىمىلىك بىلەن قايتىشنى ئارزۇقىلاتتى،ئۇگۆھەردىن ئايرىلدى،ئۆزى بارلىقنى بېغىشلىغان ،چىن قەلبىدىن سۆيگەن مەھبۇبىسىدىن ئايرىلىش ئۇنىڭغا ھەققەتەن ئېغىركەلدى،ئۇ ئەمدى ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلىدى،《مەن ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ياشىدىم،ھەم بىرئۆمۈر شۇنداق ياشايمەن دەپ ئىرادەقىلغانىدىم،لېكىن تۇرمۇش ماڭاقۇچاق ئاچمىدى ئەمەس بۈگۈندىن ئېتىبارەن دۇنياغا باشقىدىن بىر ئابدۇللا كېلىدۇ ئۇ شۇنچە باغرى يۇمشاق ئەمەس،ئۇھاياتنىڭ تەمنى تېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق رەزىلىك بولسا قىلىۋىرىدۇ . 《

تۇرمۇش كىشى ئۈچۈن بىر ئىمتىھان ھەم سىناق ئىدى، بۇئىمتاھاننىڭ سۇئاللىرى ھەققەتەن قىيىن بولۇپ ئۇنىڭغا پۇختا تەييارلىق قىلغان كىشىلا توغرا جاۋاپ بىرەلەيتتى،لېكىن ئابدۇللانىڭ تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچىسنى كەمچىل بولۇپ قالدى، ئۇئۆزىنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشنى كىمدىن كۆرۈشنى بىلمەي ئازاپلىنىپ يۈرىدى.ئۇجەمئىيەتنى ئارىلاپ باقماقچى بولدى،ئىلگىرى ئۇ ئۆيدىن يىراققا چىقمايتتى،جەمئىيەتنى قانداق تولۇق چۈشەنمەيتتى،لېكىن تۇرمۇش يولىدىكى ئەگرى توقايلىق ئۇنى شۇنداق خىيالغا كەلتۈرۈپ قويدى،ئۇ ئۆز-ئۆزىگە بۇنداق ئازاپلىنىپ يۈرگەندىن كۆرە سىرتلارنى ئايلىنىپ كەل-دېدى ،دە بىر نەچچەكىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرىغا يول ئالدى،ئۇئىلگىرى گۆھەرئۆيدىن قىچىپ چىقاندا بۇناھىيەبازىرىدابىر مەزگىل تۇرغاندى،شۇچاغلاردا كۆپىنچە گۆھەرگەھەمراھ بولۇپ شەھەرنى تولۇق بىر ئايلىنىپ چىقاندى،بۈگۈن ئۇكوچىلارنى بىر-بىرلەپ ئايلىنىپ چىقتى .بازارئايلاندى، كەچ كىردى ئۇئۆيگەقايتىپ كېتەي ئاستاماشىنا بېكەتگەكەلدى.ئۇكۆزئالددىن بىرنەچچە مېتىر يىراقلىقتا تۇرغان كىراماشىنىسغا چىقىشنى خىيال قىلىپ ماڭدى،

-نەگە ماڭدىڭ ئاغىنە-بىرى شۇنداق ماڭغىچەئۇنىڭ دولىسىغاشاپلاق بىلەن بىرنى سالدى،ئۇ ئېتتىك قاراپ ئۆزى بىلەن بىر مەھەللىلىك ياغاق يۈز ،قارامتۇل كەلگەن ئۇلاردىن بىر يىل بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئەلى شوپاڭنى كۆرىدى، -نەگە بولاتتى.ئۆيگە ماڭدىم، -

دىدى ئابدۇللا ۋاقىتسىزلا -بولدى ئاداش .قارىسام كەيپىياتىڭ ياخشى ئەمەسقۇ؟ -ھېچنېمە بولمىدى، بىرئوبىدان تۇرىمادىم.-ئۇنداق
ئەمەس .ئاڭلىسام سېنى ئاجرىشىپ كەتتى دەيدۇ؟ شۇنىڭ خاپىچىلىقمۇيا؟-ئۇنداقمۇ ئەمەس،-بولدى يۇرە بىرەجايىنى تېپىپ مۇڭدىشىپ
ئولتۇرىمىزمەندە موتىسىكلىت بار كەچتە بىرگەقايتىمىز،-بولدى رەھمەت مەن قايتاي، -ماڭ دىگەنىدىكىن ماڭمامسەن يىگى تىوي قىلغان
خوتۇن كىشىدەك نازقىلماي . ئىلى شوپاڭ شۇنداق دىگىنچە ئابدۇللانى قولدىن تارتىپ ماڭدى.دەسىمۇ ئابدۇللانىڭ كۆڭلىمۇپەرىشان
ئىدى، ئابدۇللاغا ئاجرىشىش ئېغىر كەلگەچكە پەرىشان ئىدى.ئەلى شوپاڭمۇ ئابدۇللانىڭ دەل مۇشۇجەھەتتىكى ھىسيات ئاجىزلىقنى
تۇتىۋالغاچقا ئابدۇللامۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ مىڭىشقا قوشۇلغانىدى.ئەلى شوپاڭ-ئا بدۇللابىلەن بىرمەھەللىك بولۇپ بارىتاخۇن ئىسىملىك
بىرئائىلىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى، بارىتاخۇن ئوغلىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئەتۋارلاپ چوڭ قىلدى،لىكىن ئەلى دادىسىنىڭ ئۆزىگە ھەددىن
زىيادە ئامراقلىقنى پەش قىلىپ مەكتەپتىكى چاغدىلائەسكى يوللارغا مىڭىۋالدى،ھاراق ئىچىش، تاماكا چىكىشنى تولۇقسىز ئوتتۇرىدىلا
ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغانىدى.ئوقۇشى ياخشى بىرقانچە بالىمۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا دەرىستە ئاجىزلاپ كەتتى.مەكتەپ رەھبەرلىكى
بارات ئاكابىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغاقايتا-قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئاڭلىماي ئۇ يەشنىڭ  چوڭىيىشغا ئەگىشىپ دادىسىنى كۆزىگە ئىلمايدىغان
،پۇل بەرمىسە تىللاپ ھۆكۈرەيدىغان بولىۋالدى. دادىسىنىڭ تەربىيىسىنى قۇلقىغائەللاكىرمەيتتى، ئوقۇش پۈتتۈرۈشكەئۈچ ئايلاۋاقىت قالغاندا
ئۇبىركۈنى چۈشتىن كىيىنكى دەرىسكە مەس ھالەتتەكىرىگە مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى مەكتەپتىن چىكۇندۇرۋەتتى.ئۇمەكتەپتىن قايتىپ
چىققاندىن كىيىن دادىسىنىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىش بىرياققا تۇرسۇن ھەدىسلا بازارغا يۈگۈرەيدىغان بولىۋالدى،ئۇنىڭ ھاراق
ئىچمەي مەس بولمايدىغان كۈنى بولمىغاچقا كىشلەر ئۇنى ئەلى بارات دەپ چاقىرماستىن يۈزىدىن يۈزىگە ئەلى شوپاڭ دەپ ئاتايدىغان
بولىۋالدى ئۇدەچاقىرشلارغا قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى، ئۇنى ئەلى شوپاڭ دەپ ئاتايدىغان بارغانسىرى كۆپەيدى،
ئاخىرى ئۇكىشلەرنىڭ نىمە دەپ چاقىرشى بىلەن كارى بولمىدى.شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسمى ئەلى بارات دىگەن چىرايلىق ئەمەس ئەلى
شوپاڭغائايلاندى.ئەلى شوپاڭ ئابدۇللانى باشلاپ ئاۋۋال بىرنەچچە خالتاكوچىلارنى ئايلىنىپ چىقتى.ئاندىن ئۇئابابدۇللانى《يۇرەتاماق
يەيمىز》دىگىنى قىزىل ياقۇت رىستۇرانىغاباشلاپ كىردى،-ياخشىمۇسىلەر؟سىلەرقانچەكىشى؟-دىدى چىرايلىق رەتلىك كىيىنگەن كۈتكۈچى
بۇئىككىسىدىن ئەھۋال سورىغاچ،ئۇلارئالتەكۋادىرات مېتىركىلىدىغان بىركىچىك ئايرىم خانىگەباشلاندى،بۇئايرىم خانىگە بىر نەچچەساپا
بىلەن بىرلا ساجى(تاماق جوزىسى)قويۇلغان بولۇپ ئىشك تۈۋىدىن يەنە بىر بۆلىكچە ئىككى يىرىم كۋادىرات مېتىر كىلىدىغان
يەرگەسۇنئى گىلەم سىلىپ قويۇلغانىدى، ئۇلارئاياغلىرنى سىرتقاسېلىپ قويۇپ ساپاغا كىلىپ ئولتۇرۇشتى، ئەلى كۈتكۈچىگەبىر نىملەرنى
ئىتۋىدى، ئۇكۈتكۈچى چىقىپ كەتتى.-قېنى ئاداش ،ئازادە خاتىرجەم ئولتۇر،بۇمۇزىكلىق رىستۇران. ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرساق تارتىنىپ
قالىدىغان يېرىڭ بولسا بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئالىم دۇتتارنى تولاپ كىرەي. ئۇ ھازىر مۇشۇ رىستۇراندا ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ -دىدى ئەلى
ئابدۇللانىڭ گەپ سۆز قىلماي تىنىچ ئولتۇرغىنىنى سەزگەندىن كىيىن. ئۇ شۇنداق دىگىنچە چىقىپ كەتتى ۋە بىر ھازادىن كىيىن ئالىمنى
باشلاپ كىرىپ كەلدى.

-ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قانداق ئابدۇللا تىنىچلىقمۇ؟-دىدى ئالىم ئابدۇللادىن ئەھۋال سوراپ.

-ھەر ھالدا يامان ئەمەس، ئۆزەڭچۇ؟-دىدى ئابدۇللامۇ جاۋابەن تارتىنمايلا.

-ھەر ھالدا دەيسەنغۇ؟ سەن ياخشى يۈرمىسەڭ بولمايدۇ ئاداش، ئىككىمىز كىچىكىمىزدە بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان. ئاڭلىسام ئازراق
تۇرمۇش ئاۋارىچىلىقىغا دۇچ كىلىپسەن. كۆڭلۈڭنى ئازادە تۇت. ئىشلار ئۆزلىكىدىن ئوڭشىلىپ كىتىدۇ سەن خاتىرجەم يۈرمىسەڭ بىزمۇ
سەندىن ئەنسىرەپ قالىدىكەنمىز-دىدى ئالىم ئويلانغان قىياپەتتە .ئابدۇللا سۆز قىلمىدى، ئارىدا ئەلى بىر قانچە تۈرلۈك قورۇملارنى
بۇيرۇتقانىدى .قورۇملارمۇ ئۇستىدە ھازىر بولدى.ئۇلار ئەمدىلا تاماققا تۇتۇش قىلىۋىدى، كۈتكۈچى قىز ئالىمنىڭ ناخشا ئېيتىشقا
چىقىشنى تەكىتلىدى. ئالىم چىقىپ كەتتى .ئارىدا ئابدۇللا بىلەن ئەلى يالغۇز قالدى.

-ئاداش ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرساق سورۇن قىزىمىغۇدەك. ئالىممۇ چىقىپ كەتتى، مەن سىرتتا چىقىپ كىرەي-دىدى ئەلى ۋە
ئابدۇللانىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئون بەش مىنۇتلار ئۆتكەندە  ئۇ ئون توققۇز-يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى
ئىككى قىزنى باشلاپ كىردى. ئۇلار ئۆز-ئارا سالاملاشقاندىن كىيىن تاماققا تۇتۇش قىلىشتى. بۇ ئىككى قىز بىر-بىرىسىدىن قاملاشقان،
زىلۋا بوي، قارىغان كىشىنىڭ ئامراقلىقنى قوزغىغىدەك چىرايلىق ئىدى. ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە ئوخشاش قىلىپ چاچلىرىنى سىرىق
رەڭدە بوياپ دولىسى بىلەن تەڭ قويۇپ كەستۈرۋەتكەنىدى. چاچلىرىنىڭ پاسونىلا ئوخشاش بولۇپ قالماستىن كىيگەن كىيىملىرىدىن
پۇتىنىڭ ئاياغلىرىغىچە، قۇلاق ھالقىلىرىدىن ئۈزۈك، بىلەيزۈكلىرىگىچە پۇتۇنلەي ئوخشاش كىينىۋالغانىدى. ئۇلارنى بىر-بىرىدىن
پەرىقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان سىرتقى شەكلى، پەقەت چىرايىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار تاماق يەۋاتقاندا ئەلى شوپاڭ قىزلارنى
تونۇشتۇرۇپ قارامتۇل ئىگىزرەك كەلگىنىنى ئاسىيە، سىرىق چىراي،  يۈزىنىڭ سول تەرىپىدە بۇغدايدەك بىر تال مەڭ بار قىزنى بولسا
پەرىدە دەپ  تونۇشتۇردى. ئەلى ئىلگىرى ئۇلار بىلەن بىر نەچچە قىتىم بىللە ئولتۇرغانلىقىنى، قىزلارنىڭ سورۇنداچىلىقىنىڭ ياخشى
ئىكەنلىكىنى ئابدۇللاغا توختىماي چۈشەندۈرۈپ كەتتى. ئابدۇللا بېشىنى كۆتىرىپ ئالدىغا قارىۋىدى. كۆزى پەرىدەنىڭ كۆزى بىلەن
ئۇچرىشىپ قالدى. پەرىدە ئابدۇللاغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئالدىغا قاراپ تاماقنى يىمەكچى بولدى، ئاسىيە كۆپچىلىككە قاراپ.

-قېنى ئەلى بۈگۈن سورۇنىمىز مۇشۇنداق جىمجىتلىق كەيپىيات ئىچىدە ئۆتەمدۇ؟ مۇرىمەسنى گۇركىرتىپ، سۆزلىمەسنى قاۋشىتىدىغان
»خسلەت دورىڭىز«نى كەلتۇرمەمسىز؟-دىدى.

-مەنغۇ كەلتۈرەي دىگەن، لىكىن-دىدى ئەلى شوپاڭ ئابدۇللاغا قاراپ.
-نىمە لىكىن ئۇ؟ تىلىڭىزنى چاينىماي نىمە دىمەكچىسىز؟
-مەن دوستىمىز ئابدۇللانى دەيمەن. ئۇ ئەزەلدىن شۇ «خىسلەت دورىسى»غا ئېغىز تەگكۈزمىگەن.
-ۋاي-ۋۇي بۇ يەردە سوپۇمدىن بىرسى بار ئىكەندە- قىزلار شۇنداق دىگىنىچە كۈلۈشۈپ كەتتى.
-مەن دىمەكچى، ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق سورۇندا ئولتۇرۇپ باقمىغان-دىدى ئەل شوپاڭمۇ چالا كۈلۈمسىرەپ.
-كۆزى ئېچىلمىغان يىگىت دەڭە، ئۇنداقتا ئۇنى كۆندۈرسەك بولىدىكەنغۇ-دىدى پەرىدە ئابدۇللاغا قاش ئېتىپ.
ئابدۇللا ئىلگىرى بۇنداق سورۇن، بۇنداق ئىنسانلار بىلەن ئارىلىشىپ باقمىغاچقا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تازا چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ لىكىن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەرنىڭ ياخشى سۆز ئەمەسلىكىنى قىياس قىلدى.
-سىلەر نىمە دىيىشىۋاتىسلەر؟-دىدى ئابدۇللا كۆپچىلىككە.
سورۇندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى دە-
-مانا بۇ مۆرىمەستىنىمۇ زۇۋان كەلدى، قىنى ئەلى شىپالىق دورىڭىزنى ئەكىرىڭ بۈگۈن ئۇنى بىز يولۋاستەك قىلىپ قويمىساق ھىساپ ئەمەس -دىدى ئالىيە بىلەن پەرىدە ئەلى شوپاڭغا قاراپ. ئەلى سىرتتىقا چىقىپ يەنە بىر نەچچە مىنۇتتىن كىيىنلا قايتىپ كىردى، كەينىدىن ھىلىقى كۇتكۇچى قىز بىر پەتنۇستا) xoئىكىس ئو) ماركىلىق ۋە ئەرگوتو ماركىلىق پىرسەنتى يۇقىرى ھاراقتىن ئىككىدىن كۆتۈرۈپ كىردى. ئابدۇللا ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان ھاراقلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئەزەلدىن ھاراق-تاماكا ۋە باشقا يامان ئىشلاردىن ھەمىشە يىراق بولىمەن دەپ ئۆز-ئۆزىگە قاتتىق ۋەدە بىرىپ تۇراتتى .ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا بۇزۇلماسلىققا تىرىشاتتى. شۇڭا ئۇ ئەزەلدىن رىستۇران، تانسخانىلارغا كىرمەيتتى. بۇ قىتىمچۇ؟ ئۇ گوھەردىن مەڭگۈگە ئايرىلغاندىن بىرى چەكسىز ئازاپ يارىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىلىۋەتتى. ئۇ شۇنداق ئازاپ ئىچىدە يۇرىۋاتقاندا بۈگۈن ئەلى شوپاڭغا يولۇقۇپ قالدى. ئەلى ئۇنى«ياخشى يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كىلىمەن، قەلبىڭ ئازابىڭ تۈگەيدۇ» دىگەچكىلا ئۇنىڭ كەينىدىن بۇ يەرگە كەلگەنىدى .لىكىن ھازىر ئەھۋال باشقىچە بولىۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى خىيالىدىمۇ ئويلىمايتتى.
-ئەلى نىمە بۇ؟مەن چىقىپ كىتىمەن-ئابدۇللا شۇنداق دىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى.
-ھۇي كۆزى ئېچىلمىغان غوجام، سورۇندارچىلىقلىرى بارمۇ سىلىنىڭ؟ئولتۇرسىلا كەم سىلىنى ئىچسۇن دەپتۇ. بۇ دىگەن بىزنىڭ ئۇسسۇزلىقىمىز، سىلى ئىچمەمەن دەپمۇ يىقىن كىلەلمەيلا-دىدى ئاسىيە تەنە قىلىپ.
-ئاداش بولدى قىل، يۈزۈمنى قىلغىن، سەن ئىچمىسەڭ بولىدىغۇ، قىنى ئولتۇرە-ئەلى شوپاڭ شۇنداق دىگىنىچە ئابدۇللانىڭ قولىدىن تارتىپ يىنىغا ئولتۇرغۇزدى.
سورۇن يەنە باشلىنىپ كەتتى .لىكىن ئابدۇللا گەپ سۆزسىزلا تورۇسقا قاراپ ئولتۇراتتى. ھازىر ئۇنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ ھىچنىمىنى خىيال قىلالمىدى، پەقەت بىشىنىڭ ۋىلىڭ-ۋىلىڭ قىلىپ ئاغرىغىنىنى سىزەلىدى. سورۇن ئىچىدە خۇددى قىرىق ئادەم باردەك قىقاس چۇقان كۆتىرىلىۋاتاتتى. قىزلار قولىدىكى ھاراقلارنى خۇددى سۇ ئىچكەنىدەك كۆتىرىۋاتاتتى .ھىلىدىن بىرى ئابدۇللانىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغان پەرىدە ئاستا ئابدۇللانىڭ يىنىغا كەلدى دە ئۇنىڭ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانىدەك قىياپىتىنى كۆرۈپ پىشانىسىگە قول ئۇزاتتى. ئابدۇللا دەرھال ئۆزىنى تارتىۋىدى.
-نىمە بولدىڭىز؟مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ مەن پەقەت قىززىپ قالغان قالمىغىنىڭىزنى كۆرۈپ باقاي دىگەنىدىم-دىدى پەرىدە.
-مىجەزىم يوق، بىشىم بەكلا ئاغرىپ كىتىۋاتىدۇ-ئابدۇللا شۇنداق دىدى-دە كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى.
-بولدى ئاداش ئۆتكەن كۈنلىرىڭنى ئويلىما، ئازاپلىق تۇرمۇشنى ئۇنتۇپ كەت. ئايالىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن بولساڭ مانا ئايالىڭدىن قىلىشمىغۇدەك پەرىدە يىنىڭدا تۇرۇپتۇ، ئۇنى كەلتۈرۋالماسەن-دىدى ئەلى شوپاڭ لەلەڭشىپ كىلىپ ئابدۇللانىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ، ئەلىنىڭ ئىچكەن ھارىقى ئاللىقاچان تۇتقانىدى. قىزلار ھاراقنى ئەلىدەك كۆپ ئىچمىگەن بولسىمۇ لىكىن ئۇلارمۇ پۇت قوللىرىنى باشقۇرالمىغۇدەك ھالەتكە كىلىپ بولغانىدى.
-ئابدۇللاغا ئازاپ بولغىنى ئايالىدىن ئايرىلىش بوپتىمۇ؟ نىمە سەۋەپتىن ئايرىلىپ كەتكەنىدىڭىز-دىدى پەرىدە بىلەن ئاسىيە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى.
-بولدى قىلىڭ ئاسىيە ئىككىمىز بىر قول تانسا ئوينايلى-دىدى ئەل ئاسىيەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سىرتتىكى چوڭ زالدا مۇڭلۇق ئاۋازدا مۇزىكا چىلىنىۋاتاتتى. ئالىم بولسا مۇزىكىغا جۆر بولۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى .ئەلى بىلەن ئاسىيە بىر قول تانسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئولتۇردى. ئاسىيە جوزىغا ئولتۇرۇپلا ئابدۇللانىڭ يەنە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ.
-ئابدۇللا بولدى قىلىڭ. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلىماڭ دىدۇققۇ ئويلىماڭ. ئىلگىرىكى تۇرمۇشىڭىز ئازاپ ئىچىدە ئۆتكەن بولسا بۇندىن كىيىنكى تۇرمۇشىڭىزنى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزسىڭىز بولىدىغۇ-دىدى.
-قانداق قىلىپ ئۇنتالايمەن-قانداقمۇ خۇشال ئۆتەلەيمەن، ئابدۇللانىڭ ئېغىزىدىن بىر سۆزلەر چىقىپ بولغىچە ئاللىقاچان كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش چىقىپ بولدى.
-قانداق قىلىپ بولاتتى، بىزگە ئوخشاش خۇشال-خۇرام ياشىمامسىز؟ دۇنيادا بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خۇشال قىلمىساق كىملەر بىزنى

خۇشال قىلالايدۇ، سىز باشقىلار ئۈچۈن ھەر قانچە ئاۋارە بولسىڭىزمۇ بۇ ھېچنىمىگە ھىساپ ئەمەس، بىز ھامان ئۆلۈپ كېتىمىز. ئويۇن-تاماشىدىن يىراق بولۇپ بۇرۇقتۇرمىلىق تۇرمۇش ئىچىدە ياشساقمۇ ھامان ئۆلۈپ كېتىمىز. شۇڭا بىز خۇشاللىقنى تاللىۋالدۇق. بىزمۇ دەسلەپتە سىزدەك خۇشال بولالمىغان لېكىن مۇشۇ ئەينەك ئىچىدىكى«خىسلەت دورىسى»نى بىر يۇتۇم ئوتلىغاندىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان گەپ. بۇ چاغدا بارلىق ئازاپ-ئوقۇبەتلەردىن، كۆڭۈل ئاغرىقلىرىدىن يىراق بولالايسىز.

دۇنيانىڭ لەززىتى، مەنىسىنى تېتىيالايسىز-دىدى ئاسىيە ئابدۇللاغا بىر مۇنچە چۈشەندۈرۈپ ئاڭغىچە ئابدۇللانىڭ يېنىدا تۇرغان پەردەمۇ ئاستا ئابدۇللانىڭ قولىنى تۇتتى-دە

-قىنى سىزمۇ بىرنى ئىچىپ قويۇڭ، بارلىق ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى راستىنلا ئۇنتۇپ كېتىسىز، ئاسىيە ئىيتقاندەك خۇشال-خۇرام ياشلايسىز-دىدى.

-ياق مەن ئىچمەيمەن، ئىچسەم بولمايدۇ-ئابدۇللا شۇنداق دىگىنىچە باشلىرىنى قامااللاپ تۇتتى. پەردە ئۇنىڭ قولىدىن قولىنى يۆتكەپ بويىنىغا چەمبىرەك سالماقچى بولۇۋىدى. ئابدۇللا دەرھال ئۆزىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تورۇسقا قارىغىنىچە خىيالغا چۆمدى. ئاسىيە بىلەن ئەلى ئىككىنچى قول تانىسىغا چۈشكەن بولۇپ ئۇلار ئاشۇ كىچىككىنە ئايرىم خانە ئىچىدە خۇددى بىر-بىرىنى كۆرمىگىلى نەچچە يىل بولغان ئىجىل ئاشىق-مەشۇقلاردەك بىر-بىرىگە مەھكەم يېپىشقانىدى. تانسا تۈگەپ ئۇلار ئابدۇللانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

دە-دەرھال يەنە بىر-بىرىگە چەمبىرەك سېلىپ ئېغىز بۇرۇن يالىشىپ سۆيۈشۈپ كەتتى. ئۇلار بۇ زال ئىچىدە ئۆزىدىن باشقا يەنە ئىككى كىشىنىڭ بارلىقىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى. ئابدۇللا كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئۆز ئەقلىنى يوقاتتى. ئالدىدىكى قىز ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. ئۇ گۈزەلدىن زادىلا قىلىشمايتتى. لېكىن گۈزەل چۇ؟ ئۇ دىگەن پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق، ئائىيال ئىدى. لېكىن بۇ پەردە دىگەنچۇ؟ ھاراق دىگەن بۇ نەرسىنى ئابدۇللا ھەقىقەتەن يامان كۆرەتتى. ئۇنى ئىچىش ئەمەس، ئىسمى چىققان سورۇندىنمۇ يىراق كېتەتتى. ئۇ بۈگۈن ئەلىنى كەينىگە كىرىپ بۇ سورۇنغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ ئويلىدى، ھاراق راستىنلا ئازابىمنى ئۇنتۇلدۇرسا بىر ئىچىپ باقسام ئىچىپ باقمايمۇ؟ ئىشقىلىپ مىنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىمغا تۇرمۇشۇم سەۋەپچى. مەن تۇرمۇشتا ئاۋارىچىلىقتا يولۇقمىغان بولسام بۇ نەرسىدىن يىراق بولاتتىم. قىنى بىر كۆرۈپ باقمايمۇ؟ ئاسىيە بىلەن پەردەنىڭ سۆزى راستىنلا توغرىمدۇ؟ ئۇ شۇنداق چىگىش خىياللار ئىچىدە جوزا ئۈستىدىكى ئىچىپ يىرىمى قالغان) xo ئىكىس ئو) نى كۆتۈرۈپ تىنمايلا ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنى ئاغزىغا ئېلىشىغىلا بەكلا قاڭسىق، سىسىق تۇيۇلدى. لېكىن ئۇ ھامان ئۇنى كۆتۈرمىسە بولمايتتى. ئۇ ئازاپلاردىن قۇتۇلماقچى ئىدى. ئابدۇللا بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋاتقاندا ئەلىنىڭ تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا كۆزى چۈشتى-دە

-ئابدۇللا سەن نىمە قىلماقچى؟ بۇنداق جىق ئىچسەڭ بولمايدۇ-دىدى.

-قويۇڭ جىگەرلىك بالا ئىكەن. ئىچكەندىكىن شۇنداق ئىچمەمدۇ-دىدى ئاسىيە ئەلگە.

-بولدى ئىچمەڭ، جىق ئىچسىڭىز بولمايدۇ-دىدى يەنە ئەلىنىڭ قولىدىكى بوتۇلكىغا قول ئۇزارتى، ئاڭغىچە بولغان ئارلىقتا ئابدۇللا ئاللىقاچان بۇ بوتۇلكىنى قۇرۇغداپ قويغانىدى. ئۇ بوتۇلكىنى قويۇپلا سەكسىنىپ كەتتى.

ئەلى بىلەن ئاسىيە ھەرقانچە زورلاپ گەپ قىلىپ سوققاندىمۇ، يۈرىكى يوق توخۇ يۈرەك، خوتۇن مىجەز دەپ چاقچاق ئارىلاش مازاق قىلغاندىمۇ بۇ نىجاسەتكە يىقىن كەلمىگەن ئابدۇللا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشنى، تۇرمۇش يولىدىكى ئوڭۇشسىزلىقنى سەۋەپ قىلىپ ئاخىر «خىسلەت دورىسى»دىن ئىبارەت بۇ نىجاسەتكە ئېغىز قويىدى.

ھىسىيات-مۇھەببەت، مۇھەببەت دىگەن لەززەتلىك، شىرىن ئازاپ، ئابدۇللا مۇھەببەتتىن ئىبارەت كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نازۇك بىر ئىمتىھانىغا بەرداشلىق بىرەلمىدى. ئۇ ئۆزىنى ئەمدى دادىسى ۋە ئانىسى شۇنداقلا بارلىق يۇرت خەلقىگە يۈزكىلەلمەيدىغاندەك ھىس قىلدى. ئۇلار ھاراق ئىچكەن، تاماكا چەككەن ۋە باشقا ناچار ئەخلاقلارنى قىلغان كىشىلەرنى ياخشى كىشىلەر قاتارىدا كۆرمەيتتى. ئابدۇللا دەل دادىسىنىڭ شۇ كۆز قاراش، شۇ خىل تەربىيىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ شۇ زامان پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ لېكىن بۇ پاتقاقتا، نىجاسەت يولىغا كىرىپ بولغانىدى. ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغىنىچە ئىختىيارسىز ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ بىردەم گۈھەر دىسە، بىردەم مەن نىمىشقا بۇنداق قىلىمەن دەيتتى. يەنە بىردەم بولسا نىمىشقا بەختسىزلىك ماڭا يۈزلىنىدۇ، دەپ ئۆز-ئۆزىنى ئەيىپلەيتتى. ئۇنىڭغا ھازىر ھىلقى يىرىم بوتۇلكا «خىسلەت دورىسى» تەسىر قىلغان بولۇپ ئىنى قىزلار ئىيتقاندەك باتۇر يولۋاس قىلىپ قويماستىن بەلكى يىغلاڭغۇ مۈشۈك قىلىپ قويغانىدى. ئەلى ئۇنى ئاستا يۆلەشتۈردى-دە يۈرە چىقىپ كېتەيلى سورۇننى ئاخىرلاشتۇرايلى دىگىنىچە سىرتقا سۆرەپ ماڭدى. شۇ ئارىدا ئابدۇللانىڭ پۇتلىرى كالامپايلىشىپ، بىشى قىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا رىستۇران ئىچى ئوڭغۇل-دوڭغۇل تۇيۇلۇپ يىلى چىقىپ كەتكەن ئىشەك ھارۋىسىدەك ئۆز يولىنى تاپالمايۋاتاتتى. ئىشتىن چۈشۈشكە تەييارلىنىۋاتقان ئالىم ئابدۇللانىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن ئىچىندى-دە دەرھال يۈگۈرۈپ كەلدى.

-ئابدۇللا بۇ سىنىڭ نىمە قىلغىنىڭ؟سىلەر نىمە دەپ ئۇنى تويسۇالمىدىڭلار؟ ئۇ ئەزەلدىن مەست بولۇپ باقمىغان. ئەمدى سىلەر بۇزىدىغان مۇشۇ قالدىمۇ؟-دىدى. نىمە دەۋاتىسەن، بىز زورلىغاندا ئىچمەي ئۆزى بىز كۆرمىگەندە يىرىم بوتۇلكىنى بىراقلا كۆتىرىۋېتىپتۇ؟-دىدى ئەلى شوپاڭ ئالىمغا ئالايغىنىچە، ئالىم بىلەن ئەلى شوپاڭ ئابدۇللانى يۆلەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئالىمنىڭ ياتىقىغا ئېلىپ كىلىشتى. قىزلارمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كىلىۋاتاتتى ئالىم ئىشكىنى ئىچىپ ھەمراھلىرىنى ئۆيگە باشلىدى. ئابدۇللانىڭ

ئـايغنى سـالدۇرۇپ كارۋاتقـا يـاتقۇزۇپ قويـدى ـ دە ئـۆزى رسـتۇراندا چالـدىغان ئېلكترونلـۇق چالغۇنـىڭ تـوك مەنبەسـدىن ئۆزىۋتىلمگەنلكى ئىسگە كلىپ هەمراهلىرىنى خەۋەرلەندۇرگەندىن كينى چقىپ كەتتى. ئالىم رىستۇرانغا بىرىپ ئىشنى تۆگىتىپ قايتىپ كەلگەندە ئۆيىنىڭ ئىشكى ئاللقاچان ئىچىدىن تاقلىپ بولغاندى. ئۇ ئىشكنى چكۆىدى، ئۆي ئىچىدىن ئەلى شـوپاڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ بىز يتىپ بولدۇق. ئەتىگەندە كەلگىن، ئۆيۈڭدە بۇگۈن بىر كچە قونۇپ تۇرايلى. خاپا بولما هە ئاداش. ئالىم نىمە دىيشنى بىلەلـمەي ئاستا يەنە رىستۇران تەرىپىگە قاراپ يول ئالدى. ئالىم ئەسلدە ئابدۇللا ۋە ئەلى شوپاڭلار بىلەن مەهەللىلك بولـۇپ ئابـدۇللا بـلەن كچىكدىن باشلاپ بىرگە ئويناپ چوڭ بولغانىدى ـ ئۇ چوڭ بولغىچە بولغان ئارلىقتا ئاتا ـ ئانىسىدىن بۇرۇنلا ئايرىلىپ يتىم قالغانىدى. ئۇنىڭ دادىسى سەنئەتكە خۇماركىشى بولۇپ ئۆيىدە داپ، دۇتـار، خىجەكـكە ئوخـشاش مىللـى تـۇردىكى بىـر نەچـچە خىـل چـالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ساقلاپ قوياتتى. ئۇ دادىسىدىن قالغاندىن كيىن دادىسىدىن مىراس قالغان دۇتارغا هىرىس بولۇپ باشقىلارنىڭ يـاردىمى بىلەن خىلى ياخشى چالالايدىغان بولۇپ قالدى. كيىنچە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن رىـستۇراندا دۇتـتـار چىلـىپ ناخشا ئيتىپ يۈردى. شۇ ئارىدا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئىشتىن سىرتقى چاغلىرىدا ئېلكترونلۇق چالغۇنىمۇ ئۆگىنىپ قالدى. ئـۇ ئۆز مەهەللىسىدىن ئايرىلغاندىن كيىن ئابدۇللا بىلەن بىر نەچچە قىتىم هىيـت ـ بـايرامىلاردىلا كۆرۈشۈپ تۇرغـان. هەم ئـشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغانىدى، ئۇ گەرچە ئۆزى ئۇ«خىسلەت دورىسى» بىلەن شۇغۇللانسىمۇ لكىن دوستى ئابـدۇللانىڭ ئەلـى شـوپاڭنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ هالغا چۈشۈپ قىلشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئۇ ئىغىر بىر تىندى، دە ئۇۋە دىگىنىچە رىستۇراندىكى دوستىنىڭ ياتىقىغا قاراپ يول ئالدى.

ئالىمنىڭ ئۆيى كچىككىنە ئۆي بولـسىمۇ چىرايلىـق سەرەمجانلاشـتۇرۇلغان بولـۇپ ئۆيىنـىڭ ئوتتۇرىـسىدىن توسـۇلۇپ ئىچكىرىـسىگە ئادەتتىكى بىر كارۋات قويۇلغانىدى، سىرتى بولسا ياغاچ تاختاي بىلەن پول ياتقۇزۇلۇپ ئۈستىگە گىلەم سـلىپ قويۇلغانـدى، ئابـدۇللا ئىچىدىكى كارىۋاتتا مەستلىك ئىچىدە ئىنتايىن تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە ئايالى گـۆهەر بـشىنى سـلاپ، پـۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

ئابدۇللا ئىنتايىن راهەتلەنىدى. گۆهەرگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، گۆهەر ئاستا ئابدۇللارنىڭ قشىغا كەلدى ـ دە ئۆزىنى ئابدۇللانىڭ قۇچىقىغا ئىتىپ ئۇنى قۇچاغلاپ سۆيۈپ كەتتى. ئابدۇللا تۇيۇقسىز بىقىنىنىڭ چىمدىلىشى بىلەن ئۆز ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ شىرىن چۈش ئىلكىدىن قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ كيىملىرى سالدۇرۇۋتىلگەن بولۇپ ئۈستىدىمۇ قىپيالىڭاچ بولغان پەرىدە ئابدۇللانىڭ كالپۇكلىرنى ئـاچكۆزلەرچە شوراۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ ئەمچىكىدىن ئوتلۇق هارارەت ئىقىپ چىقىپ ئابدۇللانىڭ پۈتكۈل بەدىنىنى ئىرىتىۋەتكەندەك بولـدى ـ دە ئابدۇللار دەرهال ئۆرۈلۈپ پەرىدەنى باسمالداپ تاشلاندى. پەرىدە هىچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەستىن ئەكـسىچە ئابـدۇللاغا تىخمـۇ چىڭ يىپىشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ تىنىدىن قانغۇچە هوزۇر ئىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا يەنە بىر تۇيۇق يولغا قەدەم قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئابدۇللا خىلى ئەتتىگەندىلا ئۇيقۇسىدىن كۆزىنى ئاچتى ـ دە ئۆزىنىڭ يىنـدا يالىڭـاچ هـالەتتە ئۇخلاۋاتقـان قىزنـى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ دەرهال كيىملىرىنى كەيدى ـ دە ئاخشام بولغان ئىشلارنى بىرمۇ بىر ئويلاپ چىقتى. ئۇ قىز ئويغۇنۇپ بـولغىچە دەرهال چىقىپ كەتمەكچى بولدى ـ دە سىرتقا ماڭدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ بولغۇچە تاشقىرىقى ئۆيدە بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ ئۇخلاۋاتقـان ئەلى بىلەن ئاسيەنى كۆرۈپ بىردەم تۇرۇپ تىڭىرقاپ قالدى.

ئۇ نىمە قىلشنى يەنى يا ئەلدىن ياكى قىزلاردىن ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشنى ئۇقالمىدى ـ دە سىرتقا ئـۆزىنى ئـاتتى. ئابـدۇللا ئـۆز ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. كىشلىك هايات خىلمۇ خىل. بۇگۈن مەنىلىك ئۆتكەن هاياتىنىڭ ئەتە قانداق ئۆتىشىنى بىلش بەك قيىن. مانا تىخى بىر سوتكا ئىلگىرى ئۆز هاياتىنى ئازاپ ئىچىدە ياشىسىمۇ لكىن ئـۆز ئىپپىتـدىن، غورورىـدىن، ئەدەپ ـ ئەخلاقـدىن ئايرىلمـاي ئۆزىگە شەرمى ـ هايانى، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ كەلگەن بۇ يىگىت بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا هاياتـدا ئۇچرىغـان نىكاھ مەغلۇبىيىتىگە بەرداشلىق بىرەلمەي خۇشاللىق ئىزلەپ باشقىچە بىـر ئىنسانغا ئايلىنىـپ قالـدى. ئـۇ يولـدا كىتىۋىتىـپ قىلغـان ئەتكەنلىرىنى ئويلاپ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلىگەن بولسىمۇ لكىن ئۆزىنىڭ ئاللقاچان كـشىنى سەسكەندۈرىدىغان بىـر پاتقاققـا كىرىـپ قالغىنىنى هىس قىلدى. ئۇ بۇ پاتقاقتىن قانداق قۇتۇلشى كىرەك. ئەجەبا ئابدۇللانىڭ بىر مەزگىللىك ئازاپقا بەرداشلىق بىـرەلمەي ناچـار ئادەم بولىمەن دىگەن خيالى شۇنداق تىزلا ئەمەلگە چىقىپ قالدىمۇ؟ ئەجەبا ئۇنىڭ قىلغان ئاشۇ ئىشى نىيىتىگە باغلىق بولـۇپ قىلـىپ ئۆمۈر بويى ئاتا ـ ئانىسى نەپرەتلىنىدىغان هاراققا مايىل كىشلەر قاتارىدىن ئورۇن ئىلىپ قالارمۇ؟ ئۇ شۇلارنى ئويلاپ بىر ئۇهـسىنىدى ـ دە قەدەملىرىنى تىزلەتتى. شۇ كۈندىن كيىن ئابدۇللا يەنىمۇ جىمغۇر بولۇپ كەتتى. «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پـوك» دەگەنـدەك ئاتـسى ئابدۇراخمان ئاكا ۋە ئۆزىنىڭ مېهرىبان، هەمسۆهبەت ئانىسى ئالىيەدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپلا يۈردى. ئـۇ ئاتـا ـ ئانـسىنى كۆرسـە يـۈزى قىزىرىپ، خىجىللىقتىن بەدىنىنىڭ بىر يەرلىرى ئىچىشىپ كۆيگەندەك بولاتتى ـ دە ئۇلارنىڭ قىشدا ئۇزۇنراق تۇرۇشقا يۈزى چـدىمايتتى ـ دە ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتـىپ، ئۇنـىڭ بـلەن كـۆپرەك بىـرگە بولۇپ تەسەللى بەرمەكچى بولاتتى. نىكاھتىن قالغان جاراهەتنىڭ ئىغىرلاپ كىتىپ ئۆز ئوغلىنىڭ تۈگىشىپ كىتىشىنى خالىمايتتى. ئـۇلار ئوغلىدىكى بۇ نورمالسىزلىقلارنى تۈگىتىشكە تىرىشاتتى. ئەپسۇس ئابدۇللا بولسا شـۇ كـۈنـدىن كـيىن.... هەي ئىنسانىنىڭ ئۆزگىرىـشى نىمدىگەن تىز هە! ئارىدىن هەپتە ۋاقىت ئۆتكەندە ئەلى شوپاڭ ئابدۇللانى ئىزلەپ كەلدى. ئاداش ئۆيىگە مىهمان كەلگەنىدى. ئـۇلار

سنى كەلسۇن، كۆرۈشۋالايلى دەيدۇ. شۇڭا سنى چاقرغلى كەلگەنىدىم-دىدى ئەلى ئۆيگە كرگەچ.
-مەن بارمايمەن، ئۇلارنى تونىمسام-دىدى ئابدۇللا ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇپ.
-تونۇيسەن، سەن ئۇلارنى ئۆتكەندە تاماق يىگەندە كۆرگەنىڭ؟-ئابدۇللانىڭ يۈركى قورقۇنچىدىن قارىس قىلىپ كەتتى. ئەلىنىڭ يەنە بىر ئىغىز ئارتۇق سۆزلىسە قويۇپ ئاتا-ئانىسى ئالدىدا سەت بولىشىدىن ئەنسىردى-دە دەرھال جاۋاپ بەردى.
-بولىدۇ، مەن باراي، سەن ئالدى بىلەن بارغاچ تۇرغىن، كەينىڭدىن باراي-دىدى ئۇلارنى يولغا قويۇپ باشقا يەرگە كەتمەكچى بولۇپ،
-ياق بولمايدۇ، يۈرە بىرگە بارىمىز، ئەلى شوپاڭ ئابدۇللاغا قوينىڭ قۇلىقىغا چۈشكەن سالدەك چىڭ چاپلاشتى.
ئابدۇللا ئارتۇق گەپ قىلسا ئۆزىگە ئورۇنسىزدەك ھىس قىلدى-دە ئەلى شوپاڭغا ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى.
ئەلى شوپاڭ مىھمان ئۆتكەن قىتىم ئابدۇللانىڭ ھاياتىدا بۇرۇلۇش يۈز بىرىشكە سەۋەپچى بولغان «خىسلەت دورىسى» غا ئاشىق ئاسىيە بىلەن ئابدۇللانىڭ كۆزىنى ئىچىپ قويماقچى بولغان پەردىلەر ئىدى. ئۇلار ئابدۇللانىڭ گەپ-سۆز قىلمايلا يوقاپ كەتكىنىگە ئاچچىقى كىلىپ بۇگۈن ئالاھىدە ئابدۇللانى ئىزلەپ ئۇنىڭ مەھەللىسىگە كىلىپ ئەلى شوپاڭنى تىپىپ ئابدۇللانى چاقىرتقۇزغانىدى.
-سەن بىر كىچىدىلا پەردەنى ئۆزەڭگە ئاشىق قىلىۋالدىڭمۇ نىمە؟ ئۇ ھە دىسىلا سىنىڭ گىپىڭنى قىلىپ قۇلاق مىڭەمنى تىشىۋەتەيلا دىدى:دىدى.
ئەلى شوپاڭ ئابدۇللانى ئۆيگە باشلىغاچ، ئابدۇللا باشقا گەپ قىلماي ئۆي ئىچىدە تۇرغان قىزلار ئابدۇللا بىلەن ئەلىنى كۆرۈپ شۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كيىن.
-ھۆي تىپىلماس باغنىڭ خورمىسى غوجام، يوقاپ كەتلىغۇ، قىلىدىغاننى قىلىۋىلىپ قۇيرۇقنى خادا قىلىپ قاچقۇلۇقمۇ؟-دىدى ئاسيە ئابدۇللاغا ئالىيىپ قاراپ.
-ئۇنداق ئەمەس، شۇ :ئابدۇللانىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى چىقماستىن ئاسيەنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.
-نىمە شۇ؟ تىلىڭىزنى چاينىماي ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلمامسىز:
ئابدۇللا قايتا ئىغىز ئىچىپ بولغۇچە ئەلى شوپاڭ ئارىمىنى تۈزىمەكچى بولدىمۇ ياكى ئابدۇللاغا ئۆزىنى ياخشى دەپ قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولدىمۇ ئۇمۇ دەرھاللا:
-بولدى قىلىڭلار. ئابدۇللانى خىجىل قىلماي قىنى داستىخانغا مەرھەمەت:-دىدى دە ئۇلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى، ئۇلار داستىخانغاا داخىل بولغاچ ئۆز-ئارا پاراڭلىرىنى قىلىشتى. پەردە پات-پات ئابدۇللاغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قوياتتى. ئابدۇللانى يۈزى چىملىدىدى. ئۇ ئۆتكەندە«خىسلەت دورىسى» بىلەن مەست بولغاندىن كيىن ئۆزىنىڭ خۇدىنى بىلمەي ئەرلىكىنى پەردەنىڭ تىنىدە نامايەن قىلغانىدى. شۇ سەۋەپ ئابدۇللانىڭ يۈزى چىملىدىدى.
-قىنى ئابدۇللا تارتىنماي ئولتۇر. بۇ دىگەن سەھرا بولغاچقا داستىخىنىمىز ئاددى بولۇپ قالدى.-دىدى ئەلى ئابدۇللاغا قاراپ.
-ياق ئاداش، ئۇنداق ئەمەس، خىلى مولچىلىقتەك تۇرىدىغۇ-دىدى ئابدۇللا جاۋابەن.
-ھەرقانچە ئاددى بولۇپ قالسىمۇ كۆڭۈللۈك ئولتۇرساق بولىدىغۇ؟-دىدى پەردەمۇ سۆز قىستۇرۇپ.
-ئۇنداقتا سورۇننى قىزىتىپ ئولتۇرساق بولار. قىنى ئەلى ئۇسۇزلۇقنى كەلتۈرمەمسىز؟-دىدى ئاسيە ئەلىگە قاش ئوينىتىپ، ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ سىرىتقا قاراپ يول ئالدى. ئالاھىزەل ئون بەش مىنۇتلار ئۆتكەندە بىر خالتىدا بىر نەچچە بوتۇلكا پىۋا ۋە ئىلى لاۋجۇ قاتارلىقلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئابدۇللا ئەلىنىڭ قۇلىغا قاراپ داڭ قىتىپلا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا چىقىپ كىتەي دەپ ئويلىدىيۇ لىكىن شۇنداق قىلمىدى، پەردە بىلەن ئاسيە بۇ يەرگە مىھمان. يەنە كىلىپ ئۆتكەن قىتىم ئابدۇللا شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇزۇلۇپ بولغان. ئۇ چىرايلىقچە رەت قىلىپ ئىچمەسلىكنى قارار قىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى.
ئەلى شوپاڭ ساقلىقنى ئۇستىگە ئالدى .ئالدى بىلەن ئۆزى كيىن قىزلارغا بىر رومكىدىن لىقلاپ قۇيۇلغان پىۋا تارتىلدى .نۆۋەت ئابدۇللاغا كەلدى. ئابدۇللا مەقسىدىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ.
-دوستلار، كۆڭلۈڭلارغا رەھمەت. مەن .....- ئابدۇللانىڭ گىپى تۈگىگىچە پەردە ئۇنىڭ سۆزىنىڭ قان بىلىگە تەپتى.
-نىمە بۈگۈنمۇ ئۆز ئىززىتىڭىز بىلەن ئىچمەي يەنە تارتىپ ئولتۇراي دەمسىز-دىدى.
-تولا ناز قىلماي ئىلىڭە، گۈپ قىلىپ ئىچىۋىتىڭ دىدى ئاسيەمۇ.
-ئاداش مىنىڭ شۇنداقلا بۇ ئىككى ئەزىز مىھمانىنىڭ يۈزىنى قىل. ئۇلار ئالايىتەن سىنى دەپ كەپتۇ قىنى ئالە- ئەلى شۇنداق دىگىنىچە رومكىنى ئابدۇللانىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئابدۇللانىڭ لەۋلىرى ئىختىيارسىز رومكىغا يىقىنلاتتى.مانا ئەمدى ئۇنىڭ زابايلىق دەۋرى كەلدىمۇ نىمە ئۇ شۇ بىر رومكىدىن كيىنكى ھاراقلارنى تالىشىپ تۇرۇپ ئىچتى. كەچ كىرى، سورۇنمۇ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى.
-قىنى سىلەرنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە باشلاي- دىدى ئابدۇللا مەستلىكىدە ئارانلا ئۆرە تۇرۇپ.
-بولدى قىلايلى، سىنىڭ ئۆيۈڭگە كيىن كىرەيلى، سىنىڭ ئاتا-ئاناڭ سىپى، ئۇلار بىزنى مەستلىكىمىزدە كىرگۈزمەيدۇ، ھەممىمىز بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالايلى، دادام بىلەن ئانام بۈگۈن ئۆيدە يوق، دىدى ئەلى شوپاڭ ئابدۇللانىڭ بويىنغا ئىسىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى جۈپ قىز-يىگىت ئەلىنىڭ ئۆيدە قونماقچى بولدى .ئابدۇللا بۇ قىتىم ئىلگىرىكىدەكلا مەست بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەلىنىڭ ياندىكى ئۆيگە چىقىپ ئۇخلىماقچى بولدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىتىشنىمۇ ئويلىدى، لىكىن ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدىسىنىڭ

كايشدىن ئەنسىرەپ ئۆيگە قايتماي ئەلىنىڭ ئۆيىدىلا قالماقچى بولغانىدى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ يوتقانغا كىردى-دە شىرىن ئۇيقۇغا كەتتى.ئالاھىزەل بىر ئاش پىشىم ئۆتكەندە ئۇنى بىر نەرسە بىسسۇۋالغاندەك بولۇپ ئۇخلىيالماي ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى يەنە پەردە تەرىپىدىن ئاچكۆزلەرچە شورىلىپ سۆيۈلمەكتە ئىدى. پەردە بۇ قېتىممۇ قېپيالغاچ بولۇپ ئابدۇللانىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتاتتى. ئۇلار يەنە بىر كېچىنى بىر-بىرىنىڭ تېنى بىلەن راھەتلىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئابدۇللا ئەتىسى يەنە ئەتىگەن ئويغاندى. ئۇنىڭ قۇچىقىدا پەردە قېپيالىڭاچ ھالەتتە ياتاتتى. ئۇ دەرھال تۇرۇپلا كەتمەكچى بولدىيۇ توختاپ قالدى. گۆھەردىن ئايرىلغاندىن بىرى ئۇ تولىمۇ قىينالدى. ئۆزىنى ئازاپ ئىچىدە ھەر يانلارغا ئاتتى. ئۇ بۇ كۆڭۈلسىز ئازاپلىق كۈنلىرىدىن قۇتۇلۇشنى كىرەك ئىدى .قانداق قۇتۇلۇشى كىرەك. بۇنىڭغا بىشى قېتىپ تۇرغاندا ئەلى شوپاڭ ئارقىلىق پەردە بىلەن تونۇشۇشى ھەم ئاسانلا بىرگە بولۇپ قالدى. شۇ گۆھەرنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن پەردەنى تاشلىۋەتمەي بىر مەزگىل ئارىلىشىپ ئۆتۈپ باقماقچى بولدى-دە ئاستا يەنە جايىدا يېتىپ قالدى.

-نىمە يەنە گەپ-سۆز قىلماي ياتىسىز؟ پەردەنىڭ سۆزى ئابدۇللانىڭ خىيالىدىن ئويغاتتى. -نىمە يەنە گەپ-سۆز قىلمايلا كەتمەكچى دىگەنمىدىڭىز- پەردەنىڭ سۆزى ئابدۇللانىڭ خىيالىدىن ئويغاتتى.

-ياق، بۇ قېتىم بۇنداقلا كەتمەيمەن-دىدى ئابدۇللا پەردەنىڭ پىشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ.

-مەن ئەلىدىن سىزنىڭ ئازاپلىق تۇرمۇشىڭىزنى ئاڭلاپ سىزگە تەسەللى بولارمىكىن دىگەن نىيەتتە سىزگە يېقىنلاشتىم .خاتىرجەم بولۇڭ باشقىچە مەقسىدىم يوق-دىدى پەردە ئەلىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ ، ئەلى مۇشۇ چاغدىن ئىلگىرى ئىككى قېتىم پەردەنى مەستلىكىدە باغرىغا باسقان بولسا ئەمدى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئوڭ چېغىدا باغرىغا بېسىلماقچى بولدى-دە ئۇنىڭغا قايتىدىن تاشلاندى. ئۇلار تاڭ ئېتىپ قالغىنىغا قارىماي يەنە بىر-بىرىگە چىڭ يېپىشىپ بىر-بىرىنىڭ مۇۋسىنىڭ تەمىنى تېتىشتى.

ئابدۇللا شۇندىن بىرى ئىككى نەرسىگە خۇمار بولۇپ قالدى، بىرى ھىلىقى«خىسلەت دورىسى» ھاراق ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم ھاراق ئىچكەندە مەست بولۇپ بەكلە خۇشال بولغىندەك ھىس قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ قەلبىدە نە مۇھەببەت، نە ئازاپ، نەپرەت، نە خۇشاللىق بولمايتتى. قىسقىسى ئۇ ھېچنىمنى ئويلىمايتتى، ھېچنىمنى ئەسلىمەيتتى، شۇڭا ئۇ دائىم ھاراق ئىچىدىغان، تاماكۇ چېكىدىغان بولىۋالدى، ھە دىسىلا ئەلى شوپاڭ كۈندە تونۇشتۇرۇپ تۇرغان يېڭى دوستلار بىلەن رېستۇرانمۇ رېستۇران، تانسخانىمۇ تانسخان، قاۋاقمۇ قاۋاق چاپىدىغان بولىۋالدى. ھەتتا بىر نەچچە قېتىم ئۆيىگە مەست ھالەتتە قايتىپ كەلدى. ئابدۇراخمان ئاكا بەلن ئالىيە ھەدە ئوغلىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئۆز-ئارا ياش تۆكۈشتى. ئوغلى مەستلىكتىن يېشىلگەندە قولىنى تۇتۇۋىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ تەربىيە قىلىشتى، لىكىن پايدىسى بولمىدى. ئۇ كۈندە دىگۈدەك ھاراق ئىچمىسە كۈنى كەچ بولمايتتى.ئۇنى خۇمار قىلغان نەرسىنىڭ يەنە بىرى جىنسى خۇمار ئىدى.

ئۇ پەردە ۋە ئەلى تونۇشتۇرغان باشقا بىر نەچچە جەمئىيەتتە ئوينايدىغان قىزلار بىلەن بىرگە بولغاندىن كىيىن كۈندە دىگۈدەك قىزلارنى مارلايدىغان بولىۋالدى.«پىچاق ئىشلەتكەنسىرى ئىشتىكلەيدۇ » دىگەندەك ئۇمۇ كۈندە دىگۈدەك يېڭى-يېڭى قىزلار بىلەن بىرگە بولغاندىن كىيىن تېخىمۇ كۆپ قىزلارنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ غەمىگە چۈشۈپ قالدى. ھەتتا ئوۋلىغۇدەك ياخشى ئوۋ تاپالمىغان كۈنلىرى ساتراچخان، ئاممىۋى مۇنچا دەپ نام قويۇپ ئىچىلغان بەزىبىر شوپاڭلارنىڭ ئالدىدىن كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، بۇ يەرلەردە يۈرگەندە ئۇنىڭ بىر نەچچە ئۇرۇق-تۇققانلىرى كۆرۈپ قىلىپ قايتا-قايتا تەربىيە بەردى. ئۇ ئۇلارنىڭ سۆزىگە، خوش، ماقۇل دىيىش بىلەن ئۇلارنى يولغا سالاتتى-دە يەنە ئۆزى بىلگەن سەنەمگە، ماقۇلغا ئۇسۇل كەلتۈرەتتى.

بۇگۈن يەكشەنبە كۈنى بولۇپ ناھىيە بازىرى ئادەتتىكىدىن قايىنام، بولۇپ خۇددى جىمى يۇرت خەلقى بىراقلا كۆچۈپ كەلگەندەك ئادەم تاشقىنلىقىغا ئايلانغانىدى. مۇشۇ بىر نەچچە ئايدىن بىرى ئابدۇللانىڭ يىزىدا تۇرغۇسى كەلمەي ھە دىسىلا ناھىيە بازىرىغا، پەردە قاتارلىق بىر نەچچە قىزنىڭ قېشىغا يۈگرەيدىغان بولىۋالدى. بۇگۈنمۇ ئاشۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرىدىكى ئادىتى بويىچە ئەتىگەندىلا يىزىدىن بۇ ناھىيە بازىرىغا كىلىۋالدى. ئۇ بىردەم بازار ئايلانغاندىن كىيىن پەردەنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ پەردەنى ئىزلەپ تاپقاندىن كىيىن چۈشتىن كىيىن قاتناش بىكىتىنىڭ ئۇدۇلىدا كۆرسىتىدىغانغا ۋەدىلەشتى. ئۇ پەردەگە سۆلەتلىكراق كۆرۈنۈش ئۈچۈن دەرھال ساتراچخانىغا يۈگۈردى. تېخى تۈنۈگۈنلا تازىنىڭ بىشىدەك پارقىرتىپ پاكىز ئېلىۋېتىلگەن ساقىلىنى قايتىدىن قىردۇردى.ئۈستى بېشىدىكى كىيىملىرى كۆزىگە سىغمىدى-دە بازار ئىچىنى ۋە باشقا بىر نەچچە دۇكاننى ئايلىنىپ ئاران دىگۈدەك ئۆزىگە ياراشتۇرۇپ بىر قۇر كىيىم سېتىۋالدى. ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئەينەك ئالدىغا كەلدى-دە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى.ئۇنىڭغا يېڭى كىيىم تازا ياراشقان بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە پارقىرتىپ قىرىلغان ساقىلىمۇ ئۇنى مەدەنىيەتلىك كىشىلەردەك سالاپەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ تۇرقىدا ئۆز مەھەللىسىگە قايتسا كىشىلەر ھەيران قالاتتى. ھەتتا تېخى ساددا دىھقان قىزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا مەستلىكى كىلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خىلى ئۇزۇنلارغىچە ئەگىپ كېتەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. ئابدۇللا كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىدى-دە ئۆزىنى ئۆزى خۇشال قىلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا پەردەمۇ ئۇنىڭ بۇ بەستىنى، بۇ سۆلىتىنى كۆرسە تېخىمۇ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ سائىتىگە قارىدى. پەردە بىلەن كۆرىشىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ۋەدىلەشكەن جايغا قاراپ يول ئالدى. پەردە تېخى كەلمىگەنىدى. ئۇ پەردەنى ساقلاپ كۆزى تۆت بولغاندا پەردەنىڭ يىراقتىن قارىسى كۆرۈندى. ئىلگىركى قېتىملاردا پەردە ھە دىسىلا ئابدۇللانىڭ كەينىدىن يۈرگەن ھەم ئابدۇللانى بۇنچىلىك ۋاقىت ساقلاتمىغانىدى. ئەپسۇس بۇ قېتىم ئەھۋال ئۆزگەردى پەردە كېچىكىپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئابدۇللانىڭ ئاچچىقى كەلدى-دە پەردە كېلىشىگىلا سالام-سەئەتنىڭ ئورنىغا ئادەمنى شۇنچىلىكمۇ ساقلىتامسىز؟-

دەپ قىيدىدى.
-نىمە؟ شۇنچىلىك ساقلىغانغا بەرداشلىق بىرەلمىدىڭىزما؟ نەچچە ۋاقتتىن بىر سىزنى مەن ساقلاپ كەلدىم، بىرەر نۆۋەت سىز ساقلىسىڭىز نىمە بولىدۇ؟-دىدى پەردە كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئۇنىڭغا ئابدۇللانىڭ سۆزلىرى ئېغىر كەلگەنىدى.
-مەن دىگەن ئەركىشى تۇرسام ئىزار تارتمامدىم؟
-ئەجەبا سىزنىڭچە ئايال كىشىنىڭ يۈزى قىلىن ئىكەنده.
-مەن ئۇنداق دىمەكچى ئەمەسمەن.
-بولدى قىلىڭە ئابدۇللا، بولدى گەپ تالاشمايلى.
بۇگۈن كەچتە يىزىدىكى ئۇرۇق-تۇققانلارنىڭ ئۆيىگە چىقىدىكەنمىز شۇڭا چىقالمايمەن كەچۈرۈڭ.-پەردە شۇنداق دەپلا كەينىگە بۇرۇلدى.
-پەردە توختاپ تۇرۇڭ- ئابدۇللا پەردەنىڭ كەينىدىن دەرھاللا يىتىشۋىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتىۋىلىپ بىر مۇنچە سۆزلەرنى قىلدى. لىكىن پەردە ئۆزىنىڭ گىپىدە تۇرۇپ زادىلا سۆزىدىن يانمىدى.
ئابدۇللا ئاخىرى ئامالسىز پەردەنى كەتكۈزىۋەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا بۇگۈن پەردەنى كەتكۈزمەي نەچچە كۈندىن بىرىدىكى خۇمارنى چىقارماقچى ئىدى. لىكىن ئىش ئويلىغان يەردىن چىقمىدى. ئۇ ئاچچىقىدا قاتتىق بىكىتتىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قايتىپ كەلدى-دە شۇ يەردىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ قوسىقىنى توقلىدى. ئاندىن سىرتلارنى ئايلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭ كۆزى تۈيۈقسىز بىر جۈپ قىز يىگىتكە چۈشتى. قىز بىلەن يىگىت قولتۇقلىشىۋالغان بولۇپ ئۇلار شۇ ئەتراپتىكى بىر مېھمانخانىغا كىرىپ كىتىۋاتاتتى .ئابدۇللا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. چۈنكى يىگىتنى قولتۇقلىۋالغان قىز باشقا بىرى بولماستىن دەل پەردە ئىدى. ئۇ يىزىغا بارىمەن دەپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟، ئەجەبا ...ئابدۇللا بۇگۈن پەردەنى دەپ ئالايتەن باشقىچە تۈسنى ئۆزگەرتىپ كەلگەنىدى. لىكىن پەردە ئۇنىڭ بۇگۈن بىر كۈنلۈك كۆڭلىنى رەت قىلىپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟ ئەجەبا ئۇ.....
ئابدۇللا خىيالىنىڭ داۋامىنى داۋاملاشتۇرالمىدى - دە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئابدۇللا مېھمانخانا ئىشىكىدىن كىرگەندە بولسا ھىلقى ئىككىسى ئالللىقاچان بىلەت كەستۈرۈپ ياتىقىغا كىرىپ كىتىۋاتاتتى. شۇ ئاردا پەردە بىلەن ئابدۇللانىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى، پەردە ھىچ ئىش بولمىغاندەك يۈزلىرى قىزارماستىن ئابدۇللانى زاڭلىق قىلغاندەك پىسىڭڭىدە بىرنى كۈلۈپ قويۇپ يىگىتنى قولتۇقلاپ كىرىپ كەتتى .ئابدۇللا پەردەنى ئەمدى قايتىدىن بىر چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ نەچچە ۋاقتتىن بىرى پەردەگە بەكلا ئىچىركەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم بىرگە بولغاندىن كىيىن ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ ھەدىسىلا ئۇنى ئىزدەيدىغان بولىۋالغانىدى. ئابدۇللانىڭ بۇ ئىشلىرىنى ئابدۇللا تۇنجى قېتىم بۈرۈلۈپ ھاراق ئىچكەن رىستۇراندا مۇزىكا چالىدىغان دوستى ئالىم بايقىدى، ئۇ دوستىغا تەربىيە قىلدى. ئۇنىڭ دىيىشىچە پەردە بولسا بىر شاللاق قىز بولۇپ بىر كۈن بىرسى بىلەن ئوينىسا، ئەتىسى يەنە باشقا بىرسى بىلەن ئويناپدىغان ھاراق تاماكۇ دىسە ھەر نىمە قىلىشتىن يانمايدىغان ناچار قىز بالا ئىمىش. شۇڭا ئابدۇللانىڭ ئۇلار بىلەن ئارلاشماسلىقى كېرەكمىش، لىكىن ئابدۇللانىڭ قۇلىقىغا بۇ سۆزلەر كىرمەيتتى. ئۇ گۇھەردىن باشقا ئايال زاتىغا يىقىن يولىغان ئەمەس ئىدى، لىكىن گۇھەردىن ئايرىلدى، شۇندىن كىيىن تۇرمۇشتا ھىجران ئىچىدە ئۆتتى. بىر نەچچە ۋاقتتىن كىيىن ئەلى شوپاڭنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاسىيە ۋە پەردەلەر بىلەن تونۇشتى. كىيىن ئىشلار باشقىچە بولۇپ جىنسى تۇرمۇش ئابدۇللانى پەردەگە خۇمار قىلىپ قويغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە تىخى پەردە بىلەن توي قىلماقچى لىكىن ئەپسۇس دوستى ئالىمنىڭ ئىيتقىنى زادى راستمۇ؟ ئۇنىڭ يۈرىكى نەپرەتتىن ئۆرتەنىدى. گويا ئۆزىگە ياكى پەردەگە نەپرەتلىنىشنى بىلمەي بىشى ئاغرىغاندەك بولدى-دە مەست بولۇپ دەردىنى يوقاتماقچى بولدى.
شۇ قەيەرگە بىرىپ مەست بولۇش كېرەك، يەنە كىلىپ ئۇنىڭ بۇگۈن نەپسى تاقىلداپ كەتكەن بولۇپ جىنسى خۇمارى ئالدىرىتىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى ئەلى شوپاڭ ئۇنى بىر نەچچە قېتىم بىرگە ئەكىرگەن قىزىل راۋاق سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ دۇكاندا بىر نەچچە نەپەر خېنىملار بولۇپ ئەلىنىڭ ئىيتىشىچە ئۇلار پۇل بولسىلا قەيەرگە بارىمىز دىسە شۇ يەردە ھازىر بولارئىكەنمىش ئابدۇللا قىزىل راۋاقا كىردى، ئۇنى خۇددى پەردە بىلەن ئاسىيەگە ئوخشاش ياسىنىۋالغان ئىككى نەپەر قىز قارشى ئالدى -دە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ھاراق ئىچىشكە باشلىدى.
بۇ قىزلار ئابدۇللا ئىلگىرى كەلگەندە يوق بولۇپ يىڭىدىن كەلگەنىدى. ئابدۇللا قانغۇچە ئىچىپ مەست بولغاندىن كىيىن بۇ ئىككى قىزنىڭ بىرى بىلەن بۇ كىچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى.
-بولىدۇ، قەيەرگە بارىمىز؟-دىدى ئورۇقراق ئېگىز كەلگەن بۇغداي ئۆڭلۈك قىز.
-ئۇدۇل ياتاققىلا بارامدۇق؟-دىدى ئابدۇللامۇ مەستلىكتىن كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىماي.
-ھازىر بىر نەچچە كۈندىن بىرى تەكشۈرۈش يامان بولىۋاتىدۇ. ياتاق بىخەتەر ئەمەس، مۇشۇ دۇكاننىڭ ئىچىدىكى ئۆيىدە ياتايلى بۇ يەرگە ئاساسەن تەكشۈرۈپ كىرمەيدۇ-دىدى قىز ئابدۇللانىڭ بوينىغا ئىسىلىپ.
-بولىدۇ، نەدىلا بولسا مەيلى-دىدى ئابدۇللامۇ پەرۋاسىزلا شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا بۇ يەردە يىتىپ قالماقچى بولدى. ئۇ ھىلقى كىچىك ئۆيدە كىيىملىرىنى سىلىپ ھىلقى قىزغا تاشلاندى. قىزمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنى تۇتۇپ بەردى، ئابدۇللا ئەمدىلا ئىشنى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا

ئشك تاراقلاپ ئچلىپ بىر نەچچە نەپەر ساقچى كىرىپ كەلدى ـ دە تىخى كىيىملىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەن ئابدۇللا بىلەن ھىلىقى قىزنىڭ قولىغا تۆمۈر بىلەيزۈك سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى. ئابدۇللا نىمە بولغىنىنى بىلەلمەي قورۇققىنىدىن تىترەپ كەتتى. ئەگەر ھىلىقى ساقچىلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئۇنىڭ كىيىمنى كىيىشكە بۇيرىمىغان بولسا كىيىملىرىنى كىيىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى.

مۇشۇ بىر نەچچە ۋاقىتتىن بىرى شەھەرلىك ساقچىخانىغا ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۆپ بولدى. شەھەر ئىچىدە ناتوغرا بولغان تىجارەت سورۇنلىرى كۆپىيىپ ناشايەن ئىشلار كۆپلەپ يۈز بېرىۋاتاتتى. شۇڭا ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ئەخمەت بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ خەلقنى بىر ئاز بولسىمۇ خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش مەخسىتىدە ساقچىخانىدىكى يولداشلارنى ئاممىۋى تىجارەت سورۇنلىرىنى يەنى قىزىل راۋاقتا ئوخشاش سۇرۇنلارنى ئالاھىدە تەكشۈرۈشتە مەستلىكى يىشلىمگەنلىكىدىن قاراڭغۇ بىر ئۆيگە سولاپ قويۇلدى .

ـ ئىسمىڭ نىمە ـ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ساقچىخانىغا باشلىقى ئەخمەت ئابدۇللانى ئۆزى سوراق قىلدى.

ـ ئىسمىم ئابدۇللا ـ ئابدۇللا دىر ـ دىر تىترىگەنىدىن ئارانلا جاۋاپ بەردى. ئۇ مۇشۇ كەمگىچە ساقچىنىڭ ئالدىغا كىرىپ باقمىغاچقا بەكلا ھولۇقۇپ كەتكەنىدى.

ـ ئۆيۈڭ قەيەردە ـ ساقچىخانا باشلىقى يەنە سورىدى. ئابدۇللا ئۇن چىقارماي چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى دادىسى بىلەن ئانىسى ئاڭلاپ قالسا ئۇ يۈزىنى نەدىمۇ كۆتىرىپ يۈرۈۋەرمە. ھىلىمۇ ھاراق ئىچىپ مەست يۈرۈپ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ يۈزىنى بوش چۈشۈرمىدى ئۇ.

ـ گەپ قىل، ئۆيۈڭ نەدە

ـ سوجاڭ مەن ئابدۇللا تىرىنقنى كولاپ يىغلامسىردى .

ـ ئېيت. ئېيتمساڭ بولمايدۇ ـ دىدى ئەخمەت ئابدۇللانىڭ ھۈدۈقۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۆز پوزتىيىسىنى ياخشىلاپ ئابدۇللا ئۆزىنىڭ ئادىرسىنى ئېيتىپ بەردى. جىنايىتىڭنىڭ نىملىكىنى بىلەمسەن؟

ـ ..... ئابدۇللا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى.

ـ سەن ئەخلاقسىزلىق قىلدىڭ، سىنى بىر نەچچە كۈن تۇتۇپ تۇرۇلۇش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىمىز يەنە كىلىپ ئاتا ـ ئاناڭ بىر نەچچە مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەپ ئاندىن سىنى ئېلىپ چىقىپ كەتسۇن ئابدۇللانىڭ بېشىدىن بىر چىلەك سۇ قويغاندەك ئىندىكىپ كەتتى. ئۆگەي ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ كىلىشكەنلىكىنى ئۇقۇپ قالسا نىمە بولۇپ كىتەتتى. ئۇ نىمە قىلىشنى بىلەلمەي بىر كىچە كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئىككى ساقچى تەرىپىدىن مەمۇرى توختىتىش ئورنىغا ئاپىرىپ قويۇلدى. چۈشكە يىقىن شۇ ئورۇنىد ئىشلەيدىغان بىرسى ئابدۇللانى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىزلەپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسىنى كۆرۈشكە يۈزى چىمىلدىدى. چۈنكى ئالىيە ھەدە بىلەن ئابدۇراخمان ئاكا ئابدۇللانى كىچىكىدىن باشلاپ كۆز قارىچۇقىغا دەسسىتىپ چوڭ قىلدى. يەنە كىلىپ ئۇ كىسەلگە گىرىپتار بولغاندىن كىيىن ئۇلار ئابدۇللانى تىخىمۇ ياخشى ئاسرىدى. كىيىن ئابدۇللاغا بىر قاتار تۇرمۇش بەختسىزلىكلىرى يۈزلەندى. ئايالدىن ئايرىلغاندىن كىيىن ھاراققا ئۆگىنىپ قىلىپ كۈنلەپ ئۆيگە كەلمەس بولۋالدى. ئاتا ـ ئانىسى ئابدۇللاغا تەربىيە بىرىپ باققان بولسىمۇ لىكىن چىرايلىقچە قىلغان گەپ ئادۇللانىڭ قۇلىقىغا كىرمەي كۈن ـ كۈنلەپ ئۆيگە قايتماي لاغايلاپ شوپاڭلارنىڭ ئالدىدىن كىتەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ پەقەت يانچۇقىدا پۇل تۈگىگەندىلا ئاندىن ئۆيگە قايتاتتى ـ دە يەنە ئاتا ـ ئانىسىدىن پۇل سورايتتى. ئاتا ـ ئانىسى پۇل بەرمەسلىكىنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ لىكىن ئۇنىڭ گەپ ئاڭلىماي مۇشۇ يولغا كىرىپ قالغىنىنى بىلگەچكە شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ چوڭراق چاتاق چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن قايتا ـ قايتا پۇل سوراۋىرىپ يۈزى قىزارمىدى. لىكىن ئابدۇللانىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يانچۇقى كۈندىن ـ كۈنگە قۇرۇغدىلىشقا قاراپ يۈزلەندى، ئاخىرىدا بولغان ئەھۋال شۇ ئۇ ئۆز نەپسى، ئۆزىنىڭ بىردەملىك قايناپ تۇرغان ھىسياتىنى باسالماي ئاخىرىدا مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قولىغا كويىزا سېلىندى. بۇ گەرچە قانۇندا ئېغىر جىنايەت بولسىمۇ لىكىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، يۇرت خەلقىنىڭ نەزىرىدە كەچۈرگۈسىز ئېغىر جىنايەت ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ۋاز كەچتى ـ دە ئاتا ـ ئانىسىنى كەتكۈزىۋەتتى.

ئابدۇللانىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ قىلغان بۇ ئەخلاقسىزلىقنى ئاڭلاپ داڭ قىتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدىنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار ئاقتى. ئۇلار ئوغلىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇ گەرچە يارامىلىق كىشىلەردىن بولالمىسىمۇ لىكىن خەلقىنىڭ نەزىرىدىن چۈشمەيدىغان ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بولغان بولسىمۇ بۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولغان بولاتتى. ئەپسۇس ئۇلار مىڭبىر جاپا ـ مۇشاقەتتە ساقچىخانىغا قويغان جەرىمانە پۇلنى تاپشۇردى ـ دە ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈلىشقا رۇخسەت سورىدى. لىكىن ئوغلىچۇ؟ ئۇ ھەتتا ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىلىمۇ ئۇنىمىدى، بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟ ئەجەبا ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدىنىڭ ئوغلى ئۈچۈن قىلغانلىرى يىتەرلىك بولمىدىمۇ ۋە ياكى ئوغلىنىڭ كۆڭلىدە باشقا ئويلىغانلىرى بارمۇ؟ بۇنىسى ئۇلارغا مەلۇم لىكىن ئۇلارنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغىنى ئاچچىق بىر ئازاپ، ئۇلار ئۆز ئوغلىنىڭ ياشلىق باھارىنىڭ بۇنداقلا خازان بولىشىغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن.

ـ ئابدۇللا ئابدۇراخمان ـ سەھرادىلا مەمۇرى توختىتىش ئورنىنىڭ مەسئۇلىنىڭ ئابدۇللانى توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ مەن بار ـ دىدى ئابدۇللا:

-ياتاقلىرىڭنى ئېلىپ چىق، بۈگۈن سىنىڭ 15 كۈنلۈك تۇتۇپ تۇرۇلۇش ۋاقتىڭ توشتى، رەسمىيەتنى ئۆتەپ چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

ئابدۇللا رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ سىرتقا چىقتى. ئىشىك تۈۋىدە ئابدۇللانى شەھەرلىك ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ئەخمەت سوجاڭ ئۆزىنىڭ مېھرىبان ئاتا-ئانىسى ئالىيە ھەدە بىلەن ئابدۇراخمان ئاكا ۋە ئۇنىڭ دوستى ئالىم قاتارلىقلار ساقلاۋاتاتتى.

ئەخمەت سوجاڭ ئابدۇللانىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى-دە

-بۇندىن كېيىن ئاتا-ئاناڭنىڭ سۆزىنى ياخشى ئاڭلىغىن. ئۇلارنى رەنجىتمە، مېنىڭ يادىمىم تېگىدىغان ئىشلار بولسا تارتىنماي مېنى ئىزلىگىن سەن ئالىمنىڭ دوستى ئىكەنسەن، ئالىم مېنىڭ ياخشى دوستۇم، ئىككىمىزمۇ بۇندىن كېيىن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ئۆتۈپ كېتەيلى-دېدى.

ئابدۇللا ئەخمەت سوجاڭغا كۆزىنى ئالايتتى – دە گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭچە بولغاندا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ قېلىشىغا خۇددى ئەخمەت سەۋەپچىدەك قىلاتتى. ئالىيە ھەدە بولسا بىر تەرەپتە يىغلاپ تۇراتتى ئۇ ئابدۇللانى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. ئابدۇللا خىجىللىقتا ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈزىگىمۇ قارىيالمىدى. ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئالىيە ھەدە ئۆيىدە ئالىلقاچان مەسلىھەتلىشىۋالغانىدى. ئۇنىڭغا قىلىدىغان تەربىيەنى ئۆزلىرىمۇ قىلىدۇ لېكىن ئاساسلىقى ئالىمغا يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن ئەخمەت سوجاڭ ئاساسلىق رول ئوينايدىغان بولغانىدى. ئەگەردە ئۇلار ئۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىغا ئۆزى تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە ھازىرقى ناچار ئەخلاق، ناچار يوللىرىغا ئۆزلىرى تەسىر كۆرسەتمىسە، ئۇنى ئۇز ھالىغا تاشلاپ قويسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆيدە ئالىلقاچان مەسلىھەتلىشىۋالغان بولۇپ ئوغلى چىققاندا ئۇنىڭغا تەسەللى بولىدىغان سۆزلەرنى قىلىشىدىغان بولۇشقانىدى.

ئالىم ئابدۇللا بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ ئابدۇللاغا ئارتۇقچە گەپ قىلسا ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەتتا تەسەللى بولىدىغان گەپ سۆزلەرنىمۇ قىلمىدى.

ئۇلار ئەخمەت سوجاڭنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇردى-دە شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋات بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

-قىنى ماشىنىدىن چۈشۈڭلار، ئەتىگەندىن بېرى ئابدۇللانى ساقلايمىز دەپ قورساقمۇ ئېچىپ قالغاندۇ، مەن سىلەرنى بىر مېھمان قىلىپ قوياي-دېدى ئەخمەت سوجاڭ.

-بولدى رەھمەت، بىز سىزنىڭ تامىقىڭىزغا داخىل بولۇشنى خالىمايمىز-دېدى ئابدۇللا ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆز قىلىشىنىمۇ كۈتمەستىن. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ باشقا بىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئالىم دەرھال ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى-دە ئۇنىڭ بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتىۋالدى.

-نەگە بارىسەن دوستۇم، مەن ئەخمەتكە ئالاھىدە تاپىلاپ ئېيتقان، بىزمۇ سىنىڭ كۆڭلۈڭگە تەسەللى بولۇپ قالسۇن دەپ شۇنداق قىلايلى دىگەن-دېدى.

-بولدى قىلى ئالىم، سەن ھەقىقەتەن مېنىڭ دوستۇم بولىدىغان بولساڭ مېنى بۇ ساقچىدىن يىراق قىل، ئەگەردە ئۇ مېنى سولاپ قويمىغان بولسا ئاتا-ئانامنىڭ، يۇرت خەلقىنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتىمدىن چۈشمەيتتىم.

-ئابدۇللا سىنىڭ كاللاڭ جايىدىمۇ؟ بۇنىڭغا سەۋەپچى بولىدىغىنى ئۇ ئەمەس بەلكى سەن ۋە ئەلى شوپاڭ يەنە مەنمۇ بار. ئۇنىڭدا گۇناھ يوق. ئۇنىڭ خىزمىتى شۇ تۇرسا، ئۇنىڭدىن رەنجىسەڭ بولمايدۇ، سەن ئەلى شوپاڭنىڭ كەينىگە كىرىپ يولدىن چىقتىڭ، بۇزۇلدۇڭ، بۇنىڭغا ئەسلى جاۋاپكار ئەلى شوپاڭ.

ئابدۇللانىڭ يۈزى قىزاردى، ئۇ يەنە نىمىدۇر دىمەكچى ئىدى ئاڭغىچە ئالىم دەرھال يەنە سۆز باشلىدى.

-يۈرە، ئاتا-ئاناڭنىڭ ئالدىدا يەنە سەت تۇرمىسۇن، بىر ۋاخ تاماقنى بىرگە يىگەنگە نىمە بولاتتى.

ئابدۇللا ئەمدى باشقا گەپ سۆز قىلسا ئالىمنىڭ رەنجىشىدىن ئەنسىرى-دە ئۇنىڭغا ئەگەشتى .

ئۇلار تاماقتىن بىكار بولدى، ئەخمەت سوجاڭ ئۇلارنى ماشىنا بىلەن يېزىدىكى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولغانىدى-ئالىم دەرھاللا ئارىغا كىردى.

-مەن بۈگۈن ئابدۇللا بىلەن ئوبدان بىر پاراڭلىشىۋالاي، ئابدۇراخمان ئاكاملار ھارۋىدا كەلگەنىكەن ئۇلار قايتىپ كەتسۇن، ئابدۇللانى ئەتە ئىككىمىز بىرگە ئاپىرىپ قويايلى-دېدى.

-مەن ئۆيگە قايتايمىكىن-دېدى ئابدۇللا ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈزلىرىگە قاراپ، دادىسى بىر نۇقتىغا قاراپ ئۇن تىنىسىز خىيال ئىلكىدە ئولتۇراتتى. ئالىيە ھەدە بولسا كۆزلىرىنىڭ يېشىنى سۇرتۇش بىلەن بەنت ئىدى.

-بولدى قىلى، كەچتە ئىككىمىز ئوبدان بىر پاراڭلىشايلى .ئەتە سىنى ئۆزۈم بىرگە ئاپىرىپ قويىمەن-دېدى ئالىم ئابدۇللاغا.

-شۇنداق قىل بالام، سەن دوستۇڭ ئالىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باق، ئۇنىڭ نەسىھىتىنى قۇلاققا -دېدى ئابدۇراخمان ئاكا، ئالىيە ھەدىمۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

-بالام مەن ساڭا ئاق سۈت بېرىپ باققان، داداڭ ئىككىمىزنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغىن، سەن يەنىلا بىزنىڭ ياخشى ئوغلىمىز، بىز ساڭا يەنىلا ئامراق -دېدى. ئانىسىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بولغاندەك بولدى. ئۇلار يەنىلا مېنى ياخشى كۆرىدىكەن دەپ ئويلىدى ئابدۇللا:

ئابدۇللانىڭ ئاتا-ئانىسى قايتىپ كەتتى. ئەخەت سوجاڭمۇ ساقچىخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئالىمنى بىر تەرەپكە چاقىرىپ ئالاھىدە بىر

نىملەرنى تاپىلىدى، ئۇلارنىڭ گەپ سۆزلىرىنى ئابدۇللا ئاڭلاشقا تىرىشقان بولسىمۇ لېكىن پىچىرلاپ قىلىنغان گەپ سۆزلەرنى ئاڭلىيالمىدى.
ئالىم ئابدۇللانى ئەڭ ئاۋۋال ساتىراچخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇ يەردىكى چېۋەر ئۇستىلارنىڭ قولى بىلەن ئابدۇللانىڭ نەچچە كۈندىن بىرى ئۆسۈپ كەتكەن چاچ-ساقاللىرى كىردى. ئاندىن ئالىم ئابدۇللانى شەھەرنىڭ سودا مەركىزىنى ئايلاندۇرۇپ چىقتى. شەھەردە بولۇۋاتقان قىزغىنچىلىق ئابدۇللانى ھەيران قىلدى. ئۇ بۇ كوچىلارغا كىرىپ باققان بولسىمۇ لېكىن ئۇ يەردىكى قىزغىنچىلىق ئىچىدە بولۇۋاتقان سودا-سېتىق قاراپمۇ قويمىغانىدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى شۇ يەرلەردىن ئوۋلاش ئۈچۈن بېرەر ئوۋ تېپىش ئىدى. ئەجەبا ئۇ ئىلگىرى مۇشۇلارنى ھېس قىلدىمۇ؟ ئەجەبا ئۇنىڭ قەلبىدە ئاشۇ ناشايىن ئەيش- ئىشرەت، كەيپ-ساپادىن باشقىسى يوقمىدۇ؟ ئابدۇللانىڭ قەلبى ئاشۇنداق بىر يېڭىچە ھىسسىياتقا يۈزلەندى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۈگۈن ھېچ كىشى بىلەن پاراڭلاشقۇسى، ھېچكىم بىلەن بىرگە ئايلانغۇسى يوق ئىدى .ئەخمەت سوجاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن ئىلىپ چىقىشى بىلەن ئالىمنىڭ زورلىشى ئاستىدا بۇ سودا بازىرىنى تەپسىلى ئايلىنىپ چىققانىدى.
-قانداقراق؟ بۇ يەرلەر بولامدىكەن سورىدى. ئالىم ئابدۇللا ئاداش- ھەئە بولىدىكەن،-دېدى ئابدۇللا ئويلىغانلىرىنى يوشۇرۇپ ئاددىيلا جاۋاپ بېرىپ.
-بولدى كەچ كىرىپ كەتتى. قايتىپ تاماق يەيلى مەن تاماققا ئەخمەت سوجاڭنىمۇ چاقىرىپ قويدۇم. ئۈچىمىز بىرگە تاماق يەيمىز. ئۇ ساڭا.....
-بولدى قىل- ئالىمنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا ئابدۇللا سۆزىنىڭ قان بىلىگە تەپتى. يەنە ئۇنىڭ گېپىنى قىلساڭ قايتىپ كېتىمەن. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن تاماق يېمەكچى بولساڭ ئۆزۈڭ يەۋال، مەن قايتىپ كېتىمەن.
ئابدۇللا شۇنداق دېگىنىچە ئالدى كەينىگىمۇ قارىماستىن ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى.
-نەگە بارىسەن؟ مەن سىنى ئالاھىدە ئەخمەت سوجاڭ بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوياي دىسەم-دېدى ئالىم دەرھال ئابدۇللانىڭ ئالدىنى توسۇپ.
-ئەخمەت سوجاڭ ياخشى ئادەم. داداڭ-ئاناڭ قاتارلىقلار مەسلىھەتلىشىپ سىنى ئەخمەت سوجاڭنىڭ ياردىمى بىلەن ياخشى ئادەم بولۇپ قالسا دەپ ئويلىغانىدۇق.
-ئاشۇ ئەخمەتنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ؟ ئۇ مىنى يەنە قاراڭغۇ كامىرغا ئاپىرار تايىنلىق-دېدى .ئابدۇللا ئالىمغا دومسىيىپ.
-بولدى ئۇنى چاقىرمىسامغۇ بولار بىز ئىككىمىزلا تاماققا بارايلى-ئالىم شۇنداق دېگىنىچە ئابدۇللانى سۆرەپ ماڭدى. ئۇ ئابدۇللانى شەھەردە يېڭىدىن ئېچىلغان بىر چوڭ ئاشخانىدا مېھمان قىلدى. ئۇلار تاماقتىن يېنىپ ئۇخلاش ئۈچۈن ئالىمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭىشتى.(بۇ ئۆي ئابدۇللانىڭ تۈنجى قېتىم ھاراق ئىچىپ بۇزۇلۇپ يىگىتلىق ئىپپىتىنى، ئەلى شوپاڭنىڭ پەرىدە، ئاسىيەلەرنى تونۇشتۇرۇش بىلەن يوقىتىشقا سەۋەپچى بولغان ئۆي. يەنە ئۇلار شۇ كۈنى ئاخشىمى ئالىمنىڭ مۇشۇ ئۆيىدە قونىغانىدى.) ئالىم يېتىش ئالدىدا ئابدۇللا بىلەن تەپسىلى پاراڭلىشىشنى ئويلىدى. لېكىن نەچچە ۋاقىتتىن بىرى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا يېتىپ ئەمدىلا چىققان دوستىغا بەزى سۆزلەرنى قىلسا ئېغىر كىلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئابدۇللانىڭ بۈگۈنكى كەيپىياتىمۇ خېلىلا ياخشى ئىدى. ئۇ دوستى ئالىم بىلەن بازار ئايلىنىپ كاللىسى خېلىلا ئېچىلىپ قالدى. نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ھاراق بىلەن قىز باللىنىڭ گېپىنى چۈشۈرمىگەن ئابدۇللا بۈگۈن بازار ئايلانغاندىن كېيىن بازاردىكى باققاللارنىڭ كىيىم-كېچەك سودىگەرلىرىنىڭ ئاشپەز، سۆزلىرىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمىدى. ئالىمنىڭ ئابدۇللانى بازار ئايلاندۇرۇشى بىكار كەتمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئابدۇللانىڭ بۇ جەھەتتىكى كەيپىياتىنى كۆزدە تۇتتى- دە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئېغىز ئىچىش قارارىغا كەلدى.
-بۈگۈن بازاردا نىملەرنى ھېس قىلدىڭ-دېدى يوتقانغا بىلىگىچە كىرىۋالغان ئالىم دوستىغا قاراپ.
-نىمە دىسەم بولار-دېدى ئابدۇللامۇ ئېغىر تىنىپ. ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئۆز كەسپىگە قىزىقىش، شۇ كەسپى بىلەن پۇل تېپىپ ئائىلىسىنى قامداشتىن ئىبارەت بىر ئۇقۇم ئورۇن ئاپتۇ.
-توغرا دەيسەن. بۇ دىگەن شەھەر. بىر ئادەم بىر كۈن بىكار يۈرسە ئون كۈنلۈك ئىشى ئارقىغا ماڭىدۇ-دېدى.ئالىم ئۇ يەنە سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا-تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىنمۇ چىقتىڭ. ئەمدى نىمە ئىشلارنى قىلاي دەيسەن؟-دەپ سۇئال نەزىرى بىلەن ئابدۇللاغا قارىدى. ئابدۇللا تورۇسقا قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى. ئۇ نىمىمۇ ئىشلارنى قىلالىسۇن. ئۇنىڭغا چاپلاشقان كىسەل سەۋەبىدىن پىشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر شۇ بولدىمۇ ئوقۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇنىڭ ئەسلىدە ياخشى ئوقۇپ دوختۇر بولۇش ئارزۇسى بار ئىدى. لېكىن بۇ ئارزۇ خام خىيالغا ئايلاندى. كېيىن ئاتا-ئانىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆيلەندى. ئايالى گۆھەر ئەخلاقلىق، نومۇسچان، ئىشچان قىز بولۇپ يىزا قىزلىرىنىڭ چېۋەر ئوبرازىنى ئۆزىدە تولۇق نامايەن قىلغانىدى .شۇڭا ئۇ گۆھەر بىلەن ئىناق بىر ئائىلە قۇرۇپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەيلى كەمبەغەل ياكى باي بولۇپ كىتىشىدىن قەتئىينەزەر بىرگە ئۆتۈشنى ئويلىغانىدى. لېكىن رىئاللىق ئۇنىڭ ئارزۇسىنى يوق قىلدى. ئۇ گۆھەرنى ياخشى كۆرگەن، ئۇنىڭغا بارلىقىنى بېغىشلىغانىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ئابدۇللاغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. شۇنىڭدىن بىرى خامۇش ھالەتتە ئۆتتى. ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرى كۆرۈپ ئوغلىغا ئىچ ئاغرىتقان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. كىشى جىسمانى جەھەتتىن كىسەل بولۇپ قالسا ئۇنى دوختۇرغا ئاپىرىپ. دورا يىگۈزۈپ ياخشى كۆتۈش

بىلەن سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. لېكىن كىشىلەرنىڭ ئىنسان جىسمىغا چۈشمەي ئىنسانىنىڭ قەلبىگە چۈشۈشى ئەڭ دەھشەت بولۇپ ئۇنىڭ دورىسىنى تېپىش ئىنتايىن مۈشكۈل. ئابدۇللا ئايالىدىن ئايرىلغاندىن بىرى دەل كېيىنكى خىلدىكى كېسەلگە يەنى قەلب كېسىلىگە گىرىپتار بولغاچقا ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا ھەر قانچە كۆيۈنسىمۇ ئۇلارنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى ئابدۇللانىڭ قەلب جاراھىتىنى يېنىكلىتەلمىدى .شۇنىدىن كېيىن ئۇ تاساددىبى پۇرسەتتە ئەلى شوپاڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپلا شۇ كۆنى ئاخشىمى ئۇنىڭ تەقدىرى يەنە باشقىچە بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىدىن بىرى ئۇنىڭ تىرىك مۇردىدىن پەرقى قالمىغان بولۇپ ئاتا-ئانىسى ۋە يۇرتتىكى ئەل-جاھان ئۇنىڭغا تەربىيە قىلغان بولسىمۇ لېكىن پايدىسى بولمىدى. پەسكەشلىكتە شەيتانىنىمۇ ئۇسۇلغا سالالايدىغان دەرىجىدە رەزىللىشىپ كەتكەن ئەلى شوپاڭ ئابدۇللانى قىز بالا ئارقىلىق تىزگىنلىگەنىدى. لېكىن ئابدۇللاغا بۇنىسى نامەلۇم ئىدى. ئۇ خىيال دېڭىزىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالمىغا قارىدى. ئالىم بولسا دوستىنىڭ جاۋاپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

-مەن نىمىمۇ قىلالايمەن ئاداش. يەنە شۇ دېھقانچىلىقتىن باشقا قولۇمدىن نىمىش كېلەتتى-دېدى ئۇ ئۇھسىنىپ

-ئاداش مەنمۇ ساڭا ئانچە كۆپ ياردەم قىلالمايمەن. بىر گەپنى قىلاي، سەكرىمەي ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن .سېنىڭ ساقچىخانا باشلىقى ئەخمەتكە ئۆچ ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن.لېكىن ئۇ سەن ئويلىغاندەك ئۆچ بولۇشقا تېگىشلىك ئادەم ئەمەس. ئۇ سېنىڭ نەچچە يىللىق دوستۇم. ئۇنى خېلىلا ئوبدان چۈشىنىمەن. ئۇ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭغا سېنىڭ ئۆتمۈشىڭنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇ ساڭا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىغان بولغانىدى .لېكىن سەن ئۇنىڭدىن ئۆزەڭنى قاچۇرۇۋاتىسەن. ھېلىقى كۈنى سېنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا كىرىپ قېلىشىڭغا ئۇ سەۋەپچى ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ تەربىيىسى بىلەن ياخشى ئادەم بولۇپ ئۆز يولۇڭنى تېپىۋالساڭ ياخشى بولار ئىدى. ئالىمنىڭ بۇ سۆزلىرى ئابدۇللاغا خېلىلا ياققان بولسىمۇ لېكىن باشقا سۆز قىلىشقا يۈزى چىدىمىدى. ئۇ ئالمىغا قاراپ «قىنى بىر گەپ بولمامدۇ» دىگىنىچە ياستۇققا بېشىنى قويدى-دە ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ بىر كېچە راھەتلىنىپ ئۇخلىۋالدى. ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن كۆڭلىدىكىگە قارىغاندا بۇرۇنلا تۇرۇپ كەتتى-دە سىرتلارنى ئايلىنىپ كىردى. ئەتىگەنكى ساپ ھاۋا ئۇنىڭ روھىنى خېلىلا ياشارتىپ قويغاندەك ھىس قىلىپ قالدى.

ئابدۇللا ئالىم بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.ئۇ ئۆيىگە بىرىپ بولغىچە بولغان ئارلىقتا يەنە خىيالغا پاتتى .ئەجەبا كۆڭلەر شۇنداق مەنىسىز ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ ياكى جەمئىيەتتە ياكى ئاتا-ئانامغا ياكى ئۆزەمگە بولسىمۇ بىرەر ياخشى ئىش قىلماي ھەتتا ئۆز ھاجىتىدىنمۇ ئۆزى چىقالماي كىرەكسىز بولغان پېتىچە دۇنيادىن ياناراسەنمۇ دىگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى. ئۇ شۇ خىياللار ئىلكىدە مەھەللىسىگە كىلىپ قالغىنىنىمۇ ئۇقماي قالدى .پەقەت بىر نەچچە كىشىنىڭ «قاراڭلار ئەلى شوپاڭنىڭ ئۇلپەتدىشى، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن چىقىپتۇ» دىگەن سۆزلىرى بىلەنلا ئاندىن ئۆزىنىڭ مەھەللىسىگە كىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يۇقارقى سۆزلەردىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالمىدى .ئەمدىلا ئۇ بىر توپ كىشىلەردىن ئۆتۈپ مەھەللىسىگە ئىچكىرلەپ كىرىۋىدى. يەنە بىر نەچچە كىشى ئۇچرىدى. ئابدۇللا ئۇلارغا سالام قىلىۋىدى. ئۇلار سالامنى ئىلىك ئىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئابدۇللادىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئابدۇللا ئۈچۈن نىمە كۈن؟ ئىلگىرى شۇنداق ئىناق ئۆتكەن مەھەللىداشلىرىمۇ ھازىر ئابدۇللانى كۆرسە يىرگىنىپ قاچقۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟ سەھرادا ياشاۋاتقان كىشىلەرمۇ تولىمۇ ئاقكۆڭۈل، ئالىيجاناپ بولۇپ ئۇلار ئۆزلىرىگە يۈكسەك بىر ئەخلاقى پەزىلەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. ئەخلاقسىزلىق، ناشايەن قىلىق، كەيىپ-ساپ، ئەيش-ئىشرەت بىلەن شۇغۇللانغان، شۇنداقلا كۆڭلىدە دىگۈدەك مەست-ئەلەس يۈرگەن كىشىلەرنى ئارىغا ئالمايدۇ. ھەتتا ئۇلاردىن يىراق قاچىدۇ. مۇئامىلە قىلىشمايدۇ. ئابدۇللا يۇقاردىكى ئىككى توپ كىشىنىڭ گەپ-سۆز، ئىش-ھەركىتىدىن ئەمدى ئۆزىنىڭمۇ يۇرتداشلىرى تەرىپىدىن قاتاردىن چىقىرۋېتىلگەنلىكىنى ھىس قىلدى-دە يۈرىكىنى بىر نەرسە ئىچىشتۇرغاندەك ئاچچىق بىر سىزىم باغرىدىن ئۆتتى. ئۇ خىيال سۈرۈشتىن توختىغان ئىدى.

-قاچان چىقتىڭ؟ تىنىچلىقمۇ؟ تۇيۇقسىز ئەلى شوپاڭنى كۆردى-دە توختاپ قالدى.

-گەپ قىلە ئاداش؟ قاچان چىقتىڭ دىدىم-دېدى ئەلى شوپاڭ ئابدۇللادىن قايتىلاپ سوراپ.

ئابدۇللا ئەلىنىڭ قايتىلاپ سورالغان سۇئاللىرىغا جاۋاپ بەرمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىنى بىر خىل خورلۇق چىرمىۋالغانىدى. ئۇ يۇرتىغا كىلىپلا يۇرتداشلىرىنىڭ ۋەزنى ئىغىر سۆزلىرنى ئاڭلاپ نىمە قىلىشنى، نىمە دىيىشنى زادىلا ئويلىيالمىدى. تېخى مەھەللىسىگە كىلىپلا بۇنداق بولسا كېيىنچە نىمىمۇ بولار؟ خەلقىنىڭ ئاغزى دىگەن يار كەتكەن دەرياغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزىنى چاپلاپ قويۇش مۇمكىن ئەمەستە. بۇنىڭدىكى گۇناھ زادى كىمدە؟ مەن نىمىشقىمۇ مۇشۇ يولغا مىڭىپ قالدىم؟ ئابدۇللانىڭ قەلبىدە يەنە شۇنداق تىگى يوق چىرماش خىياللار.

ئەلى شوپاڭ ئابدۇللىنىڭ سۇئالىغا جاۋاپ بەرمەي خىيال ئىلكىگە بەنت بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى نوقىدى.

-يۈرە ئاداش كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. بىزنىڭكىگە بارايلى-دېدى ئەلى شوپاڭ شۇنداق دىگىنىچە ئابدۇللانى يەنە سۆرەپ ماڭدى.

ئابدۇللا ئۆزىنى تارتتى –دە

-بولدى، بۈگۈن ئۆيۈڭگە بارماي، تېخى كەلگەنىدىن بىرى ئۆيۈمگىمۇ كىرمىدىم. ئاتا-ئانام مىنى ساقلاۋاتىدۇ. سېنىڭ ئۆيۈڭگە باشقا بىر كۈنى كىرەي، خوش ئەلى.

ئابدۇللا شۇنداق دىگىنىچە ئەلى شوپاڭنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقتى –دە ئالدى كەينىگىمۇ قارىماستىن ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

ئەلى شوپاڭنىڭ، ئابدۇللا، ئابدۇللا دەپ چاقىرغان ئاۋازىمۇ بوشلۇقتا يىپى ئۈزۈلگەن غازدەك لەيلەپ قالدى.
-جېنىم بالام، تىنچلىق كەلدىڭمۇ؟-ئالىيە ھەدە ئابدۇللانىڭ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. ئانا-بالا قانغۇچە يىغلاشتى. ئۇلارنىڭ تىللىرى گەپ-سۆزگىمۇ كەلمەيۋاتاتتى. ئالاھەزەل بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن ئاندىن ئابدۇللا ئانىسىغا قاراپ.
-دادام بىر يەرگە كەتتىمۇ؟ ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟-دېدى.
-داداڭ سىنىڭ بۈگۈن كېلىدىغىنىڭنى بىلگەچكە ساڭا نەرسە كېرەك سېتىۋالغىلى مەھەللىمىزنىڭ يېنىدىكى ھېلىقى ماگىزىنغا چىقىپ كەتكەنىدى .ئۇنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى-دېدى تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئالىيە ھەدە.
ئىشىكتىن كىرىپلا ئوغلىنى كۆرگەن ئابدۇراخمان ئاكا قولىدىكى ئوغلىغا ئاتاپ سېتىۋالغان نەرسە كېرەكلەرنى قويۇپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئوغلىغا قاراپ باغرىنى ئاچتى. ئاتا-بالىمۇ بىر ھازا بىر-بىرىگە گەپ-سۆز قىلماي يىغلىشىپ تۇردى. ئاڭغىچە ئالىيە ھەدىنىڭ تامىقىمۇ پىشىپ قالدى. تاماق تارتىلىپ داستىخان ئاخىرلاشتى. دۇئاغا قول كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا ئابدۇراخمان ئاكا ئوغلىغا قاراپ.
-جېنىم ئوغلۇم، بۇ قېتىم بىزنى قانچىلىك ئەنسىرەتتىڭ. قانچىلىك پاراكەندىچىلىككە سالدىڭ. بۇنى بىلەمسەن؟ مەن سېنى ئەيىپلىمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن بىر نەرسە ئېسىڭدە بولسۇن بىز ساڭا ئاق سۈت بېرىپ باقتۇق. بىزنىڭ سەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىز بەك چوڭ. شۇڭا بىزنىڭ ئۈمىدىمىزنى ئاقلاش ئۈچۈن تىرىشمىساڭ بولمايدۇ. ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەت. دوستلارنى قالايمىقان تۇتما. «ئەخمەقنىڭ دوستى تولا،پىيازنىڭ پوستى» دېگەندەك كەلسە-كەلمەس دوستلىشىپ يۈرمە. بولۇپمۇ ئەلى شوپاڭدەك دوستلىرىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈزگىن. ئالىم بىلەن ئەخمەت سوجاڭغا يېقىن بول ئۇلار ساڭا ياردەم قىلىدىغان بولدى. گېپىمنى ئاڭلىغىن. بولمىسا مەن سەندىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى بولمايمەن-ئابدۇراخمان ئاكا ئوغلىغا سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشۈپ مەڭزىنى نەمدىدى. ئابدۇللا چوڭقۇر ئويغا چۆمدى. مەن زادى نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم. دادام ماڭا مۇشۇ مەككىچە بۇنچە چىچىلمىغانىغۇ؟ دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى. ئارىدىن ھەپتە ۋاقىت ئۆتتى. ئابدۇللانىڭ كۆڭلى بىر ئاز جايىغا چۈشتى-دە ئۇ بۈگۈنكى يەكشەنبىدە بازارغا بىرىپ ئالىم بىلەن تەپسىلى پاراڭلىششنى كۆڭلىگە پۈكتى-دە ئاتا-ئانىسىدىن رۇخسەت سوراپ ناھىيە بازىرىغا ماڭدى. بۇ ئۇنىڭ ئايالى گۆھەردىن ئايرىلغاندىن بىرى شۇنچە ۋاقىت ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئاتا-ئانىسىدىن سوراپ مېڭىشى ئىدى. شۇڭا ئابدۇراخمان ئاكا ئۆتكەندە قىلغان تەربىيەنىڭ ئابدۇللاغا تەسىر قىلغىنىدىن سۆيۈندى-دە ئوغلىغا ئاق يول تىلەپ ئۇزۇتۇپ قويدى.
ئابدۇللا ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ئۇدۇللا ئالىمنىڭ ئىش ئورنىغا باردى. ئالىم بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولۇپ بۈگۈن قايتىپ كېلەلمەيتتى. شۇڭا ئابدۇللا بۈگۈن بىكارغا كەلگىنىنى ئۇقۇپ قايتىپ كەتمەكچى بولدى-دە سىرتتالارنىمۇ ئايلانماستىن ئۇدۇللا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا ماشىنا بېكىتىگە كېلىشىگە يەنە بىرىسىنىڭ دولىسىغا شاپىللىشى بىلەن توختاپ قالدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەلى شوپاڭنى كۆردى- ئۇ غەرىق مەست ئىدى. ئەلى شوپاڭ ئابدۇللانى كۆرۈپلا يۈرە بىر يەرگە كىرىپ ئولتۇرىمىز-دېدى.
-بولدى قىل مەن قايتاي-ددى ئابدۇللا يولىغا ئالدىراپ.
-ياق بۈگۈن سىنىڭ چىققىنىڭنى تەبرىكلەپ ئولتۇرىمىز، ئەگەر مىنى دوستۇم دېسەڭ يۈرە-دېدى ئەلى.
ئابدۇللا ئەلىنىڭ مەست ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ئارتۇقچە سۆز قىلىشىمۇ پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئەلى شوپاڭ ئابدۇللانى يەنە بىر قاۋاقخانىغا باشلىدى. ئەسلىدە ئابدۇللا بۈگۈن ھاراق ئىچمەسلىكنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەلى شوپاڭ ۋە قاۋاقخانىدىكى بىر نەچچە نەپەر قىزلارنىڭ ھەر خىل گەپلىرىگە چىدىمىدى-دە«گۇپ»قىلىپلا ئىچىۋەتتى. ئۇ ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە رومكا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن تاماكا چەككۈسى كېلىپ باشقىلاردىن سورىۋىدى ئۇلاردا تاماكا يوق بولۇپ چىقتى.
-مەن تاماكا ئېلىپ كىرەي-دېدى ئابدۇللا ئەلىگە.
-بولىدۇ، تېزرەك كىرگىن-دېدى ئەلىمۇ مەستلىكتە ئارانلا سۆزلەپ.
-مەن بىرگە چىقاي-دېدى ئۇ قاۋاقخانىدا كۈتكۈچى ھەمراھ خېنىم بولۇپ ئىشلەيدىغان 20،22 ياشلاردىكى بىر قىز ئابدۇللانى دەرھال قولتۇقلاپ، ئۇلار سىرتقا چىقىپ ئەمدىلا بىر ماگىزىنغا كىرىشىگىلا بىرىسىنىڭ ئابدۇللا دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېلىقى قىز بىلەن ئابدۇللا ئۆرۈلۈپ ساقچىخانا باشلىقى ئەخمەتنى كۆردى. ئەخمەت سوجاڭمۇ ئەسلىدە بۇ ماگىزىندىن بىر نەرسە سېتىۋالماقچى بولۇپ تاساددىپى ئابدۇللانى ئۇچرىتىپ قالغانىدى. ئۇ ئابدۇللانىڭ مەست ئىكەنلىكىنى يەنە كېلىپ بىر قىزنىڭ ئۇنى قولتۇقلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئابدۇللانى ماشىنىغا چىقىشقا بۇيرىدى.
-نېمە، مەن بۈگۈن جىنايەت ئۆتكۈزمىدىم. مىنى تۇتالامسەن-دېدى ئابدۇللا مەستلىكتە كۆزلىرىنى ئارانلا ئېچىپ، ھېلىقى قىز بولسا ساقچىخانا باشلىقى ئەخمەتنىڭ بىر قارىشى بىلەنلا ئاللىقاچان يوقاپ كەتكەنىدى. ئەخمەت سوجاڭ ئابدۇللانىڭ قالايمىقان جۆيلىيشلىرىگە قۇلاق سالماستىن ئۇنى ماشىنىغا يۆلەپ چىقاردى-دە ئۇدۇل ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئابدۇللانى ئۆز ئۆيىگە ئەكەلدى. ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئاران دېگۈدەك مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ساپاسىغا ئولتۇرغۇزدىل. ئابدۇللا كۆزىنى ئاران ئېچىپ كۆز ئالدىدا ئەخمەت سوجاڭنى كۆردى-دە يەنە مىنى پەيسوغا ئەكىرۋالدى دەپ ئويلىدىمۇ ئۆزىچە ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ كەتتى.
-نېمە يەنە مىنى سولاپ قويماقچىمۇ؟ مەن بۇ قېتىم ناشايەن ئىش قىلمىدىم. دوستۇم ئەلى بىلەن بىرگە تاماق يىگەچ ئولتۇرغان، سىلەر

شۇنىڭغىمۇ منى تۇتامسلەر؟ ئەجەبا سلەر ئادىلمۇ؟ ئادىل بولساڭلار نىمشقا منى تۇتسلەر؟ ئۆتكەن قىتىممۇ منى سولاپ قويدۇڭلار سلەر ئادىللقنى تەشەببۇس قلساڭلار ئاشۇ شوپاڭ ئاچقانلارنى، قاۋاقخانا، سوغۇق ئىچىملىك ئارامگاھى دىگەن ناملار بلەن ئىچىلغان ئەيش-ئىشرەت سورۇنلىرىنى تاقىغان بولاتتىڭلار؟ هاراق ئىچىپ مەستلىكدە ناشايىن ئىشلارنى قلغانلارنى تۇتماي، هاراق ئىشلەش، ستىش سورۇنلىرىنى تاقىغان بولاتتىڭلار؟ منى نىمە دەپ تۇتسلەر؟

ئابدۇللا ئاغرى-ئاغزىغا بىسىقماي سۆزلەپ كەتتى. ئەخمەت سوجاڭ هەر قانچە قلىپمۇ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئىتەلمدى.مەست ئادەمگە هەر قانچە گەپ سۆز قلىپمۇ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقنى بىلگەن ئەخمەت سوجاڭ ئۇنى ياتاق ئۆيىگە سۆرەپ كىردى-دە كيىملىرنى سالدۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويدى .ئابدۇللا بولسا بىردەم ئەخمەت سوجاڭ قاتارلىق ساقچىلارنى تىللىس، بىردەم تۇرۇپ قىين ئاتىسىنى تىللايتتى. بىردەم ئەلى، پەرىدە دەپ توۋلسا بىردەم قەدىردان ئايالىم گۆهەر دەپ يىغلايتتى. بىردەم كۈلەتتى. بىردەم كىچىك بالىدەك هۆركىرەپ يىغلايتتى. ئەخمەت سوجاڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ بەزىسىنى چۈشەنسىمۇ يەنە بەزىسنى چۈشەنمەيتتى. دىمىسىمۇ ئۇ مۇشۇنداق ئالا جوقا سۆزلىسە قانداقمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنگىلى بولسۇن.

ئابدۇللا شىرىن ئۇيقۇدا ياتقاندا بىرى ئۇنىڭ بىشدىن نۇقۇپ ئويغاتتى. ئۇ كۆزىنى ئىچىپلا هاڭ-تاڭ قالغىنىدىن كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. كۆز ئالدىدا ساقچى ئەخمەت تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى ساقچىخانىغا كىرىپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئەتراپىغا قارىۋىدى، ئۇ مىللىيچە قلىپ بىزەلگەن ئۆي، ساقچىخانىغا ئوخشىماس بولۇپ چىقتى. شۇڭا ئۇ ئاخشامقى ئىشلارنى چالا-پۇلا ئەسلەپ بىر ئاز چۈشەندى.

-هە ئويغاندىڭمۇ؟ يۈرە تاماققا چىقمىز-دىدى ئەخمەت سوجاڭ ئابدۇللانى ئويغۇتۇپ بولغاندىن كيىن.

ئۇلار تاماققا كىرىشتى. ئەخمەت سوجاڭنىڭ ئايالى چىۋەر، چاققان ئايال بولۇپ ئۆزىمۇ ئىشلىگەچكە يولدىشىغا ۋە ئۆزىگە ئۈلگۈرتۈپ ئەتتىگەنلىك ناشتا تەييارلىغانىدى.

-قانداق ئوبدان ئۇخلاپسەنمۇ؟-سورىدى ئەخمەت سوجاڭ تاماق ئارلىقدا.

-هەئە ئوبدان ئۇخلاپتىمەن-دىدى ئابدۇللامۇ قىسقىلا جاۋاپ بىرىپ.

-ئوبدان ئۇخلىغان بولساڭ بولدى. بولسا بۈنىدىن كيىنمۇ خۇددى كىچىدىن شىرىن ئۇيقۇدا ئۇخلىغاندەك تۇرمۇشنى مەنىلىك ئۆتكۈزگىن.

ئابدۇللا نىمە دىيىشىنى بىلمەي تۇرغاندا ئەخمەت سوجاڭ يەنە سۆز باشلىدى.

-تاماق ۋاقتىدا جىق گەپ قلمىسام بولاتتى. لىكىن هازىرلا خىزمەتكە ماڭىمەن. ۋاقتىم قىسقا، شۇڭا سۆزلىگەچ ئولتۇراي، قارىسام ئاخشام بەكلا ئالا-جوقا سۆزلەپ كەتتىڭ.

ئەلى، پەرىدە گۆهەر دەپ هىلى كۈلۈپ، هىلى يىغلاپ كەتتىڭ. نىمە بولغىنىنى بىلمىدىم. لىكىن بىر گەپنى ساڭا دەپ قوياي. ئەلى دىگەن بىلەن ئارلاشما. ئۇ سىنىڭ دوستۇڭ. ئەمەس دۈشمىنىڭ. يەنە كىلىپ بىز هازىر هە دەپ ئۇنى تەكشۈرىۋاتىمىز. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى تارتقىن.خەيىر مەن ئىشقا ماڭىمەن. چۈشكىچە مۇشۇ ئۆيدە يىتىپ ئارام ئالغاچ تۇرغىن، مەن چۈشتە كىلىمەن، سىنى ئۆيدە ئاۋارە قلىدىغان هىچكىم يوق. يەنە كىلىپ سىنى مەن ئۆيۈڭگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن. شۇڭا ئۆيگە قايتسام بولاتتى دەپ ئاتا-ئاناڭنىڭ ئەنسىرىشدىن غەم يىمە.

ئەخمەت سوجاڭ شۇنداق دىگىنىچە تاماقتىن بىكار بولۇپ مىڭىشقا تەمشەلدى .ئابدۇللا قىزارغىنىدىن نىمە دىيىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئۇ قايتىپ كىتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ لىكىن ئەخمەت سوجاڭنىڭ مىڭىش ئالدىدا قايتا-قايتا قايتىپ كەمەي تۇرۇشنى، چۈشتە سۆزلىشىدىغان مۇهىم ئىش بارلىقنى جىكىلىشى بىلەن قايتىش ئىرادىسىدىن ياندى-دە ئۆزىنى ساپاغا تاشلىدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئەخمەت سوجاڭ ئابدۇللانى بىر يەرگە ئاپىرىدىغانلىقنى ئىيتتى.

-نەگە بارىمىز؟-سورىدى ئابدۇللا.

-ساڭا خىزمەت تىپىپ قويدۇم. كۆرۈپ باق-دىدى ئەخمەت سوجاڭ ئابدۇللاغا قاراپ.«خىزمەت» دىگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئابدۇللانىڭ سىسىغان يۈرىكى، چىرىگەن روهى ياشارغاندەك بولدى-دە دەرهال ئەخمەت سوجاڭنىڭ ئالدىغا كىلىپ.

-خىزمەت؟مەن قىلالايمەنمۇ؟ مەن دىمەكچى، مەن بىر بىلىمسىز تۇرسام.

-سەن چوقۇم ياخشى قىلالايسەن. هە راست نىمە خىزمەت ئىكەنلىكىنىمۇ سورىمىدىڭغۇ؟

-ئەخمەتكا مەن نىمە خىزمەت بولسا قىلىمەن.

»ئەخمەتكا» بۇ ئابدۇللانىڭ ئەخمەت سوجاڭنى تۇنجى قىتىم» ئەخمەتكا» دەپ چاقىرىشى ئىدى. شۇڭا هەر ئىككىلىسىگە باشقىچە تۇيۇلدىمۇ بىر-بىرىگە قارىغان پىتىچە تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئەخمەت سوجاڭ يەنە ئابدۇللاغا.

-مىنىڭ تولۇقسىزدا بىرگە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىممۇ ئىمتىهاندىن قلىپ قالغانىدى. ئۇمۇ جەمئىيەتتە قايمۇقۇپ يۈرۈپ ئاخىرىدا چىقىش يولى تىپىپ تىجارەت قلىپ هازىر خىلى نامى بار كارخانىچىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ هازىر بىر يىمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى بار. سەن شۇ يەردە ئىشلەپ تۇرامسەن؟-دىدى -لىكىن

-نىمە لىكىن، نىمانچە تۇگمەيدىغان تولا لىكىن ئۇ سەندىكى؟

-مەن ياخشى ئىشلىيەلمەسلىكىمدىن ئەنسىرەيمەن.

-ئۆزەڭدە ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، پۈتۈن ئەس-يادىڭ بىلەن ئىشلىسەڭلا چوقۇم ياخشى ئىشلىيەلەيسەن.

ئۇلارنىڭ چۈشتە قىلغان پاراڭى شۇنداق بولدى-دە پاراڭ ئاخىرلاشقۇچە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇ ئۆزى ئانچە چوڭ زاۋۇت بولمىسىمۇ لېكىن يىگىرمە نەچچە نەپەر خادىمدىن تەشكىل تاپقان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بولغان، قوينى ئىللىق بىر ماكان ئىدى. زاۋۇت باشلىقى 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئىللىق چىراي مېھرىبان كىشى بولۇپ ئۇ ئەخمەت سوجاڭنىڭ تولۇقسىزدىكى ساۋاقدىشى سادىق ئىدى. سادىق ئۇلارنى سەممىيلىك بىلەن قارشى ئالدى-دە ئابدۇللانىڭ ئىشقا چۈشىشىگە قوشۇلدى. ئەخمەت سوجاڭ بولسا چۈشتىن كېيىن يىغىن بارلىقىنى ئېيتىپ ئالدىراش قايتىپ قالدى. زاۋۇت باشلىقى سادىق ئابدۇللانى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا ئىشلەشكە بۇيرۇدى-دى زاۋۇتنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئەڭ بەك تەكىتلىگىنى خىزمەت ۋاقتىدا ھاراق ئىچمەسلىك، ئىشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا زاۋۇتتا ئىشقا چۈشتى. زاۋۇتنىڭ بىر ئېغىز بوش ئۆيى ئابدۇللاغا ياتاق ئۈچۈن بېرىلدى. ئۇ مۇشۇ تەرىقىدە بىرەر ئاينى ئۆتكۈزدى ئەتىگەنلىرى ئەتىگەن تۇرۇپ ئىش ئورنىغا بېرىپ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى جان-دىل بىلەن ئىشلىدى. زاۋۇت باشلىقى سادىق ئابدۇللانىڭ ئىشلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى ئىشقا خاتا تاللىمىغانلىقىدىن خۇرسەن بولۇپ يۈردى. خۇددى ئۆزىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى، زىممىسىدىكى يۈكلىرى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ مۇشۇ بىر ئاي جەريانىدا ئابدۇللانىڭ دەم ئالماي ئىشلىگىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقى تېخىمۇ ئاشتى. يەنە كېلىپ ئابدۇللا زاۋۇت باشلىقى سادىق ئەپەندىدە ياخشى تەسىر قالدۇرغان بولۇپ ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالدى.

-ئابدۇللا سىزنىڭ خىزمەتتە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقىڭىز بارمۇ؟-دېدى بىر كۈنى سادىق ئەپەندى ئابدۇللانى چاقىرتىپ.

-يوق، ياتاق-تامىقىمنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالدىم .ئۇنىڭدىن باشقا قىيىنچىلىقىم يوق،-دېدى ئابدۇللا سادىق ئەپەندىگە.

-ئۇنداقتا ياخشى، بۈگۈن ئەتە ئىككى كۈن سىزگە رۇخسەت بېرىلدى. يېزىغا بېرىپ ئاتا-ئانىڭىزنى يوقلاپ كېلىڭ. بوغالتىرغا ئېيتىپ قويىدۇم. مۇئاشىڭىزنى ئىشلەپ بېرىدىغان بولدى.

ئابدۇللا تۇنجى ئايلىق مۇئاشىنى ئېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆز ئەمگىكىگە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالاللىق بىلەن تاپقان پۇلى ئىدى. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ ئاتا-ئانىسىنى خۇشال قىلغۇچىنى ئويلاپ ماشىنا بېكىتىگە كەلدى. بىرى ئۇنىڭ دولىسىغا شاپاللىدى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ يەنە ئەلى شوپاڭنى كۆردى، ھەر قېتىم مۇشۇ ماشىنا بېكىتىدە ئۇنىڭ دولىسىغا شاپىلاق چۈشسىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەلى شوپاڭ پەيدا بولاتتى-دە ئۇنى يىغى-يىغى كۈنلەر كۈتىۋالاتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئەلى شوپاڭ بىلەن ئۇچراشسىلا باشقىچە بىر تەقدىرگە يولۇقاتتى. بۇ قېتىم ئەمدى ئۇنى قانداق تەقدىر كۈتۈپ تۇرار. ئابدۇللا ئەلىگە گەپ-سۆزمۇ قىلمىدى. ئەلى شوپاڭ بولسا ئابدۇللانىڭ گەپ-سۆز قىلمىغىنىدىن نارازى بولدىمۇ نېمە ئۇنىڭ.

-ھە قېيداپ قاپسەنغۇ؟ ئاڭلىسام زاۋۇتتا ئىش تېپىپسەن. بۈگۈن بىزنى مېھمان قىلمامسەن-دېدى .ئۇنىڭ بىز دىگىنىدىن يالغۇز ئەمەسلىكىنى سەزگەن ئابدۇللا.

-كىملەر بار ئىدى-دەپ، سورىشىغىلا ئەلى شوپاڭ ئۆزلىرىدىن بەش قەدەم نېرىدا تۇرغان ئىككى قىزنى شەرەت قىلىۋىدى ئۇ قىزلارمۇ كېلىپ ئابدۇللاغا سالام قىلدى.

-بۇ دوستۇم ئابدۇللا. ئۇ بۈگۈن بىزنى مېھمان قىلىدىغان بولدى. دېدى ئەلى قىزلارغا ئابدۇللانىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن. قىزلارمۇ تارتىنماستىن بولىدۇ دەپلا جاۋاپ بەردى. ئەسلىدە ئۆيىگە قايتىشنى پىلانلىغان ئابدۇللا ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرالمىدى. ئۇلار بىر رىستۇرانغا كىرىپ ئولتۇردى. تاكى كەچ كىرگۈچە شۇ يەردە ئولتۇرۇشتى. دەسلەپىدە تاماق تارتىلغان بولسا كېيىنچە جوزا ئۈستىگە ھىلقى يۇۋاقشقا مۇڭگۈچ چىقىرىدىغان «خىسلەت دورىسى «پەيدا بولدى. دەسلەپىدە قىزلار ناز قىلغان بولسىمۇ لېكىن كېيىنچە ئۇلار ئارىسىدا پەدە-چۆپ بۇزۇپ تاشلاندى. ئۇلاردا ھازىر نە ھايا، نە نۇمۇس دەيدىغان نەرسە قالمىغانىدى. ئابدۇللامۇ غەرىق مەست بولۇپ كەتكەن بولۇپ كۆز ئالدىدا ئەلى شوپاڭنىڭ بىر قىزنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈشى ئۇنىڭمۇ ئىت نەپسىنى ئويغىتىپ قويدى-دە يېنىدىكى قىزنى ئۆزىگە تارتتى، بۇ قىزمۇ ھېچ قارشىلىق قىلمايلا ئىچىرقىغان مۈشۈك بەزگە ئېتىلغاندەك ئابدۇللاغا تاشلاندى. ئابدۇللانىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بىرى يەنە قىسقىغىنە مۇشۇ ئىككى ئايدىن بىرى ئايال زاتىنى كۆرمىگەن نەپسى يەنە تويغانىدى. ئۇنىڭ جىنسى خۇمارى يەنە تۇتتى-دە رىستۇران ئىچىدىلا ھىلقى قىزغا تاشلانماقچى بولدى.

-بولدى قىلىڭ، ئۆزىڭىزنى تۇتىۋېلىڭ. بۇ يەردە ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ-دېدى قىز ئارانلا.

-ئەمىسە نەگە بارىمىز-سورىدى ئابدۇللا نەپسىنى ئاران تۇتۇپ.

-مەيلى نەگە بارساق بولىدۇ. ياتاقتا بارساقمۇ مەيلى، شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا يەنە ئەلى شوپاڭنىڭ ئۇچراپ قىلىش بىلەن بىر كېچىلىك شەھۋەتلىك، ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈردى. ئۇنىڭ تۇنجى ئايلىق مۇئاشى شۇلارنى مېھمان قىلىش، ياتاق ئېلىش، قىزغا سوۋغا بېرىش بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە قىز ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپلا ئابدۇللا بىلەن چالا-پۇلا خوشلىشىپلا ئىشقا باراتتىم دىگىنىچە چىقىپ كەتتى .ئابدۇللا گەرچە بىر كېچە ئۆزىنىڭ جىنسى خۇمارىنى پەسەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يانچۇقى قۇرۇقدالدى. ئۇ ئەسلىدە بۇ مۇئاشنى ئېلىپ ئۆيىگە بارماقچى ئىدى .لېكىن....ئەمدى ئۇ قانداق قىلسۇن؟ ئۇ شۇ ئاچچىقىدا بىرەر سائەت

ئۇخلىغاندىن كېيىن مۇنچىدا تازىلىنىپ ئىش ئورنىغا قاراپ يول ئالدى.

-قانداق ئاتا-ئانائىنى كۆرۈپ كەلدىڭمۇ؟-دىدى زاۋۇت باشلىقى سادىق ئابدۇللانى كۆرۈپ.

-شۇنداق، ئۇلار سىزگە سالام ئېيتتى.-دىدى ئابدۇللا يالغان ئېيتىپ. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەندى.

ئائىغىچە سادىق ئەپەندىنىڭ شەخسى كاتىپى كىرىپ كەلدى-دە

-ئابدۇللا سىزنى ئاتا-ئانىڭىز ئىزدەپ كەپتۇ؟-دىدى. ئابدۇللاغا قاراپ. ئابدۇللا بۇ گەپنى ئائلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلگەندۇ؟

ئاپلا ئۆيگە بارمىغىنىم ئاشكارە بولسا... ئۇنىڭ يۈرىكى تەشۋىشلەندى.

سادىق ئەپەندى بولسا ئىشنىڭ تىگى-تەكتىنى دەماللىققا چۈشەنمىدى-دە سىرتتا چىقىشقا تەمشىلەنگەن ئابدۇللانى توختىتىپ قويۇپ، كاتىپىغا ئابدۇللانىڭ ئاتا-ئانىسىنى مۇشۇ يەرگىلا باشلاپ كىرىشنى ئېيتتى. ئابدۇللانىڭ ئاتا-ئانىسى كىرىپ سادىق ئەپەندى، ئابدۇللا قاتارلىقلار بىلەن بىر قۇر سالاملاشقاندىن كېيىن.

-ئوغلۇم ئابدۇللا بىر ئايدىن بىرى ئۆيگە قايتمىدى. بىز ئەنسىرەپ ئۇنىڭ دوستى ئالىم ئارقىلىق ئەخمەت سوجائىنى تاپقاندۇق. ئۇ بىزگە ئابدۇللانىڭ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىز ناھايىتى خۇرسەن بولدۇق. ھەر نىمە بولسا ئوغلىمىز ئوبدان ياشاۋېتىپتۇ. ئۇ بۇندىن كېيىن ئۆيگە قايتالمىسىمۇ مەيلى. ئوبدان ئىشلىسۇن-دەپ سادىق ئەپەندىگە بىر مۇنچە رەھمەتلەرنى ئېيتتى. سادىق ئەپەندى بولسا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى. ئابدۇللانىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلىپ چىلىندۇرمىدى.« بۇ بىر ياخشى بالا تۇرسا نىمە دەپ ماڭا يالغان ئېيتىدۇ » دىگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى. ئۇ ئابدۇللانىڭ ئاتا-ئانىسىنى يولغا سىلىپ قويغاندىن كېيىن دەرھال ئابدۇللانى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى-دە گەپنى قەيەردىن باشلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئىشخانا ئىچىدە مۇشۇ ئىككەيلەندىن باشقا ھىچكىشى يوق، بىر ھازا سۈكۈتتىن كېيىن سادىق ئەپەندى ئاچچىق بىرنى تىنندى-دە

-بۈگۈندىن باشلاپ ئىشتىن توختىتىلدىڭ، ئىشلىمەي قايتىپ كەت-دىگەن سۆزنى ئاچچىقىدا ئارانلا ئېيتالدى.

-بۇ ...نىمە ئۈچۈن؟ مەن نىمە ئىشنى خاتا قىلدىم؟-سورىدى ئابدۇللا.

-يەنە يۈزۈڭ قىزارماي مەندىن سورايسەنغۇ؟

.......ئابدۇللادىن ئۈنچىقماي يەرگە قارىغىنىچە قىزىرىپ تۇراتتى.

-نەچچە ۋاقتتىن بىرى سىنى يالغان گەپ قىلمايدىغان ئىشەنچىلىك بالا دىسەم سىنىڭ قىلغىنىڭغا قارا؟ تۇنۇگۈندىن بىر نەلەردە يۈردۈڭ؟

-كەچۈرۈڭ سادىقكا؟ تۇنۇگۈن بىر نەچچە دوستلىرىم پەيدا بولۇپ قالغاندى. ئۇلار بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ ، بىر ئازدىن ئىچىشىپ قالدۇق. مەستلىكىمدە ئۆيگە قايتالماي.......

-ھەئە، مۇنداق دىگىن. ئەسلىدە سىنى ئۆيگە بىرىپ ئاتا-ئانائىنى يوقلاپ كەل دىسەم.... سەنزە... يىنىڭدا قانچە پۇل قالدى؟

......-ئابدۇللادىن يەنىلا ئۈن چىقمىدى. بۇنى كۆرگەن سادىق ئەپەندى ئابدۇللانىڭ بىر كۈندىلا ھەممە پۇلنى يەنى بىر ئايدىن بىرى جاپالىق ئىشلەپ تاپقان، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن ئەجرىنىڭ ھەممىسنى تۈگىتىۋەتكەنلىكىنى ھىس قىلدى-دە ئۇنىڭغا قانداق قاراشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

-شۇنداق سادىقكا، مەن ئاخشام ھەممە پۇلنى مەستلىكىمدە تۈگىتىۋېتىپتىمەن. مەن ھەقىقەتەن خاتا قىلدىم. منى ئەپۇ قىلىڭ ئىشتىن بوشتىۋەتمەڭ. بۇندىن كېيىن بۇنداق ئىسراپخورلۇق قىلمايمەن. مەن چوقۇم يەنە قايتىدىن ياخشى ئىشلەيمەن.-دىدى ئابدۇللا بىردىن غەيرەتكە كىلىپ.

-ئۇنداق بولسا بوپتۇ ئۇكام، مەن ساڭا ئىشەنگەن ئۈمۈدىمنى يەردە قويما، ئەخمەت سوجاڭ بىلەن ئاتا-ئانائىنىڭ يۈزىنى قىلمىسام سىنى ئىشتىن بوشتىۋەتەتتىم. بوپتۇ ئىشلەۋەرگىن .كەچۈرۈمنى مەندىن ئەمەس، ئاتا-ئانائىدىن سورا. يەنە بىر ئىغىز گەپ، سىنىڭ ياشاشتىكى مەقسىدىڭ نىمە؟

-مىنىڭ ياشاش ئىستىكىم ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش،-دىدى ئابدۇللا پەرۋاسىزلا.

-بۇ نىمانچە توقناق جاۋاپ ئۇكام، سۆزلىرىمنى ئىسىڭدە مۇستەھكەم تۇت ساڭا نەسىھەتىم بولۇپ قالسۇن. بىز دۇنياغا نىمە ئۈچۈن تۆرەلدۇق؟ نىمە ئۈچۈن؟ كىم ئۈچۈن ياشايمىز؟ قانداق ياشايمىز؟ دىگەنلەرنى ئوبدانىراق ئويلىشىپ بىقىش كىرەك. سەن قاراپ باق، پىكىر قىلالمايدىغان، ھسىيات ئاجىز، بەرگەندە بىر قورساق يەپ، چىقىرىلاردا ئىششەكنى چىقىرىدىغان ھەر خىل ھايۋانلارغا قار ئۇلارمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاشلا قورساق غىمدە يۈرىدۇ. ئۇسسۇزلۇقى كۈچەيسە سۇ ئىچىدۇ. قورساق تويغاندا ياتقان يىرىگىلا چىقىرىدۇ. ئۇلارمۇ خۇددى ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. نەسىل كۆپەيتىدۇ، لىكىن بىز ئىنسانلارچۇ؟ بىزمۇ خۇددى يۇقاردا ئېيتقان ھايۋانلاردەك ياشايمىز. بۇ ئالامەتلەردە ئوخشىشىپ كىتىدۇ. لىكىن بىزدىكى ئوخشىمايدىغان ئەڭ تۈپكى ئالاھىدىلىك بولسا بىز دىگەن ئادەم، يىغلاشنى، كۈلۈشنى، خاپىلىق، خۇشاللىقنى، ياخشى بىلەن يامانىنى بىلىدىغان. ئىشلارنى تەھلىل قىلالايدىغان، پىكىر قىلالايدىغان ھسىياتلىق ئىنسان، ئىسىڭدە بولسۇن. بىزنىڭ ياشاشتىكى مەقسىدىمىز توغرا بولمىسا ئاشۇ ھايۋانلاردىن پەرقسىز بولۇپ قالمامدۇق؟ ئەڭ ئاۋۋال ئاتا-ئانىمىز، يۇرت-خەلقىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاپ، ئۇلارغا يارىغۇدەك، ئۇلارنى پەخىرلەندۈرگىدەك ئىشلارنى قىلىشقا

تىرىششىمىز، ئاندىن قالسا ئۆزىمىزگە يۈزكىلەلىگۈدەك دەرىجىدە ياشىشىمىز كېرەك. بۇنداق دېگىنىم ئويۇن-تاماشا قىلماڭ، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشاڭ دېگىنىم ئەمەس، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز جايىدا بولغىنى ياخشى. ئۆكام ئابدۇللا ساڭا ئىغىر كەلسىمۇ يەنە بىر گەپنى ئېيتىپ قوياي، مىنىڭ قول ئاستىمدا ئىشلەيمەن، ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەيمەن دەيدىكەنسەن چوقۇم ھاراقتىن ئىبارەت نىجىس نەرسىگە يېقىن كەلمە. ئۇ ھەر قانداق يامان ئىشنىڭ باشلامچىسى، سەن شۇنى ئىچكەندىن كېيىن خۇدۇڭنى يوقىتىسەن-دە ئۆزۈڭ بىلىپ بىلمەي كەيىپ-ساپاغا بېرىلىپ كېتىسەن. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشۇڭ رەتسىز ھالەتكە چۈشىدۇ. مەن بۇگۈن ئاتا-ئاناڭ بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا سىنىڭ ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلىرىڭنى ئاڭلاپ ساڭا ھىسداشلىق قىلغۇم، ساڭا تەربىيە ئارقىلىق بولسىمۇ ياردەم قىلغۇم كەلدى. سەن قىممەتلىك نەرسىلىرىڭدىن ئايرىلغان بولساڭ، يەنە تېخى قەدىرلەشكە تىگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلىرىڭ بار، ئۇنى قەدىرلە، ھايات مۇساپىسى تېخى ئۇزۇن، ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە، كەيىپ-ساپاغا ئۇنچە بېرىلىپ كەتمە.

قىزلار بىلەن ئارىلاشقاندا دىققەت قىل. ساختىپەز قىزلار بەك كۆپ ئۇلار سىنى قويسامىلا دەيدۇ، ھەپتە، ئون كۈن ئىچىدىلا يانچۇقۇڭنى قۇرۇقداپ سىنى تونۇماس ھالغا ئۆتىۋالىدىغان قىزلار ھازىر شەھەردە ساماندەك. ئەڭ ياخشىسى يەنە دېسەم يەنە شۇ بۇندىن كېيىن چوقۇم ھاراقنى تاشلا. سەن مۇشۇ نىجىسقا نىمە دەپ يىقىنلىشىسەن؟ نىمە دەپ ئىچىسەن؟ ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ قاقاس چۆلدە ئىككى كۈن ئاچ-ئۇسۇز قالغان ئىشەكتىن بىرىنىڭغا بىر داس سۇغا بىر كىلىپ ھاراقنى ئىلەشتۈرۈپ بەرسەڭ ئاشۇ ئىشەكمۇ ئىچمەيدۇ. ئەجەبا سىنىڭ ئاشۇ ئىشەكتەكمۇ ئەقلىڭ يوقمۇ ئۆكام؟ بۇ سىنى كەمسىتكىنىم، ئەيىبلىگىنىم ئەمەس، سىنى ئۆز كۆرۈپ ساڭا تەربىيە قىلىۋاتىمەن. سۆزلىرىمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتساڭلا چوقۇم ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىسەن شۇندىلا بىز سەندىن رازى بولىمىز. ئەگەر شۇنداق قىلالىساڭلا مەن چوقۇم سىنى تىخمۇ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىمەن. يەنە قاچان ئىشلىگۇڭ كەلمەي ئۆز ئالدىڭغا ئىش قىلماقچى بولساڭ ساڭا قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن. سىنى قوللايمەن. سادىق ئەپەندى خۇددى مىھرىبان بىر ئاتا ئۆز ئوغلىغا تەربىيە قىلغاندەك.

ئابدۇللاغا شۇنچە ئۇزۇن نەسىھەت قىلدى. سادىق ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى ئابدۇللانىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە تەگدى. قەلبى سىماپتەك ئىرىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ھەممە كىشى يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىدىن خىجىل بولدى. سادىق ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئويلىدى. كۆزلىرىدىن بىر نەچچە تامچە ياشلار سىرغىپ چۈشتى. ئۇ تويي قىلغاندىن بىرى بىر نەچچە قېتىم ئىچ-ئىچىدىن يىغلىدى. لىكىن ئىلگىرىكىنىڭ ھەممىسى ھىجران يىغىسى بولسا بۇ قېتىمقىسى بولسا ئۇنىڭ چىرىگەن يۈرىكىنىڭ ئازاپلىق نالىسى ئىدى. سادىق ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە خۇددى يېقىملىق مۇزىكىدەك جاراڭلايتتى. ئۇ ئۇخلاش ئالدىدا سادىق ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى يەنە ئويلاپ باقتى. ئەجەبا مەن شۇنچە ئەقىلسىز، شۇنچە دۆتمۇ؟ ئۆتكەن قېتىم تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن چىققاندىن بىرى يۇرت-خەلقىم ئىچىدىمۇ يۈز ئابرويۇم تۆكۈلدى. مەن شۇنچە يارامسىزمۇ؟ ھەممە ھازىر ماڭا نەسىھەت قىلىش بىلەنلا قالدى .ئەجەبا مەن شۇنچىلىك يولۇمنى تاپالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟«قاغا بىلەن دوست بولساڭ، يىيىشىڭ پوق» دىگەندەك، ئەلى ۋە پەرىدە قاتارلىقلار بىلەن دوست بولۇپلا مۇشۇ ھالغا، ھەممە سەسكىنىدىغان سىسىق پاتقاققا چۈشۈپ قالدىمۇ؟ مىنىڭ ئىلگىرىكى بەختىلىك، خۇشال ئۆتكەن چاغلىرىم ئەمدى كەلمەسكە كىتەرمۇ؟ ھەتتا ئاتا-ئانام تەربىيە قىلىسىمۇ ئاڭلىمىغۇدەك شۇنچە رەزىللىشىپ كەتتىمۇ؟ ئۇ شۇلارنى ئويلاپ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلارنى ئاققۇزدى-دە ئاۋازىنى قويۇۋىتىپ يىغلاپ كەتتى.

-ئۇ مىھرىبان تەڭرىم بىر سەن منى خۇشال خۇراملىق تۇرمۇشىغا ئىرىشتۈرۈپ يەنە نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن منى مۇشۇنداق ھەممە سەسكىنىدىغان پاتقاققا منى ئىتتىرىۋەتتىسەن، ئەجەبا مەن سىنىڭ ئالدىڭدا خاتالىق ئۆتكۈزدۈممۇ؟ ئەگەر بىلىپ-بىلمەي ساڭا تۈزكورلۇق قىلغان بولسام منى كەچۈرگىن. منى يەنە ئىلگىركىدەك بەختىلىك تۇرمۇشقا مۇيەسسەر قىلغىن. ئاتا-ئانامنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى، ئىنى-سىڭىللىرىم، شۇنداقلا ئۇرۇق-تۇققانلىرىمنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشىم ئۈچۈن منى بۇ پاسكىنا سىسىق ئازگالدىن قۇتۇلدۇرالايسەن.-ئۇ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى ياراتقان تەڭرىگە نالە قىلدى. ئۆزىنى بۇ پاسكىنچىلىق تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇلىشىنى تەلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ تۈيۇقسىز يىغىنى توختاتتى. شۇنداق قاتتىق بىر سىلكىنىپ، يۈز-كۆزلىرىنى يۇدى ۋە ئۆزىچە ھازىردىن باشلاپ بارلىق پاسكىنچىلىقلاردىن قۇتۇلىمەن دىگەن قاتتىق قارارنى چىقاردى. شۇندىن كېيىن ئۇ ھىرىپ-چارچاش، ئازاپ-راھەتلەرگە بەرداشلىق بىرىپ بارلىقىنى خىزمەتكە بېغىشلىدى. ئەگەردە ئايالى گۆھەرنى سېغىنىپ كەتسە بارلىق ئەس-ھۇشىنى يىغىپ دەم ئالماي ئىشقا چىقتى. ئاتا-ئانىسىنى ئاربلاپ-ئاربلاپ يوقلاپ تۇردى. جەمئىيەتتە ئوينىغان بارلىق دوستلىرىدىن رىشتىسىنى ئۈزدى. ئۇ پەقەت ئەخمەت سوجاڭ ۋە ئالىم، سادىق ئەپەندى، ئاتا-ئانىسىدىن ئىبارەت كىشلەر بىلەنلا دوستلاشتى .سادىق ئەپەندى ئابدۇللادىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خىزمەتتىكى، سودىدىكى ھەمكارلاشقۇچىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى، تىجارەت قىلىشنى ئۆگەتتى. ئابدۇللا پۈتكۈل زىھنىنى سادىق ئەپەندىنىڭ يىمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا قارايتتى .ئابدۇللانىڭ ئاتا-ئانىسى بولسا ئوغلىدىن تېخىمۇ مەمنۇن ئىدى. ئالىيە ھەدە ھەر نامىزىدا ياراتقان تەڭرىدىن ئوغلىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولىشىنى تىلىسە، ئابدۇراخمان ئاكا ئوغلىنىڭ خەلق ئۈچۈن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىر نەچچە يىل شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى سادىق ئەپەندى ئابدۇللانى چاقىرتتى-دە ئۇنىڭغا

-ئوغلۇم ئابدۇللا مەن قىرىدىم، بۇ زاۋۇتنى سەن باشقۇرغىن، سەن بۈگۈندىن باشلاپ بۇ زاۋۇتنىڭ خوجايىنى، پايدا-زىيان ئىككىمىزگە تەڭ بولسۇن-دېدى.

ـ ئابدۇللا قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ گەرچە ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرلا سادىق ئەپەندىنىڭ قول ئاستىدىن چىقىپ كېتىشنى ئويلىمىغانىدى. لېكىن سادىق ئەپەندىچۇ؟

ـ نىمە؟ بۇ نىمە دېگىنىڭىز تاغا؟ مەن سىزنى رەنجىتىپ قويمىغاندىمەن سىز نىمىشقا.... ـ ئابدۇللا گېپى تۈگىمەستىلا سادىق ئەپەندى يەنە سۆز باشلىدى.

ـ بولدى گەپ قىلما. مەن بۇ ئويدا دىمىدىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، بەرداشلىق بېرەلمىدىم. سەن ھازىر خېلى پىشىپ قالدىڭ. بۇ ئىگىلىكنى سەن باشقۇرساڭ مەن خاتىرجەم. مېنىڭ پەرزەنتلىرىم تېخى كىچىك. ئوغلۇم چوڭ بولغاندا ئۇ ساڭا ھەمراھ بولىدۇ.

سادىق ئەپەندى شۇنداق دېگىنىچە يېنىدىكى بىر قانچە ئاچقۇچنى ئابدۇللاغا تاپشۇرۇپ بەردى ـ دە ئۇنىڭ دولىسىغا يەڭگىل بىرنى شاپىلاپ:

ـ ياخشى ئىشلە، ئۈمىدىم سەندە ـ دېگىنىچە چىقىپ كەتتى .شۇندىن بېرى ئابدۇللا بۇ زاۋۇتقا شېرىك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھازىر بىكار يۈرگىدەك ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئەخمەت سوجاڭ بىلەن بىرلىكتە تاماق يېمەكچى بولۇپ ماشىنا ھەيدەپ كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىز يول بويىدا بىر توپ ئادەمنىڭ جۇغلىشىپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئەخمەت سوجاڭ توختاشنى ئېيتتى. ئۇلار بىرىپ قاراپ بېقىشىدى. چوڭ يول ئۈستىدە بىرسى قۇسۇق ئىچىدە ياتاتتى. كىشىلەر ئۇنى يۆتكىمەكچى بولسا نىمىلەرنىدۇ دەپ يېقىن كەلتۈرمەيتتى. ئەخمەت سوجاڭ ئامانلىقنى تەرتىپكە سېلىشتىپ ماڭماقچى بولدى ـ دە ماشىنىدىن چۈشۈپ ھېلىقى مەستنى ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرىدى .ھېلىقى مەست بويىنىنى سوزۇپ ئەخمەتكە قارىشىدى ئابدۇللا ئۇنىڭ ئەلى شوپاڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كىشىلەر ھە دەپ ئۇنى تىللايتتى، ئەيىبلەيتتى، ئاتا ـ ئانىسىنى چىشلەپ تارتاتتى. ئابدۇللا بۇنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ئەلى بىلەن دوستلىشىپ يۈرگەن كۈنلىرىنى ئويلاپ قالدى ـ ئەجەبا كىشىلەر مېنىمۇ شۇنداق تىللىغان، ئەيىبلىگەن بولغىمىدى. مەنمۇ ئەلىدەك كوچىدا سەتلىشىپ يۈرگەن بولغىمىدىم. بۇ نىمىدىگەن سەتچىلىك ئۇ شۇلارنى ئويلىدى ـ دە سەسكىنىپ توختىدى.

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئەلىنى ئۇچراتمىدى. لېكىن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئەلى بىر كۈنى مەستلىكىدە ماشىنا ئاستىغا كىرىپ كېتىپتۇدەك، ئۇنىڭ جەستىمۇ نەچچە پارچىغا بۆلۈنۈپ كېتىپتۇدەك.

ئابدۇللا بىكار ۋاقىت تاپسىلا كىتاپ ئوقۇيتتى. ھەر يىلى دېگۈدەك يۇرتىدىكى نامرات دېھقان ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى.

ئابدۇللانىڭ ھايات قەسدىسى، ياشلىق مىلودىيىسى مانا شۇنداق يېزىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىدىن سۆيۈنەتتى. ئاتا ـ ئانىسى، ئىنى ـ سىڭىللىرى ۋە ئوماق قىزىنى ھەر دائىم ئەسلەيتتى .ئۇلارنى پات ـ پات يوقلاپ كىلەتتى.

سەنۇبەر دوستى مەريەمگە ئاكىسىنىڭ كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەردى. خۇددى بۇ ئىشلار ئۇلار ئىككىسىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەندەك ئۇلارنىڭ قەلبلىرىمۇ ھىجران لەرزىگە كەلگەنىدى.

ـ قارا ئاداش ـ دېدى سەنۇبەر مەريەمگە ئاكام ھازىر مۇشۇنداق ياشاۋاتىدۇ. ئۆزۈندىن بېرى كىتاپ ئوقۇشقىلا بېرىلىدۇ. سەن كۆردۈڭ ئۇ قولىدىن كىتاپنى چۈشۈرمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ناھىيىدىكى ياتاق ئۆيىدىمۇ لىققىدە بىر ئىشكاپ كىتاپ تىزىقلىق. بىزنىڭ ئۆيىگىمۇ بىرمۇنچە كىتاپلارنى ئەكىلىپ قويىدى. مۇشۇ يەرگە كەلسىمۇ بىرەر يىرىم دەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلىمىكىن دىسەممۇ كىتاپنى قولىغا ئېلىۋېلىپ بىزگىمۇ تۈزۈك گەپ قىلمايدۇ.

ـ مەيلى ئەمەسمۇ، كىتاپ ئوقۇش ئارقىلىق كىشىنىڭ ئەقلى تەپەككۇرى، بىلىم قابىلىيىتى ئاشىدۇ. ئۇ تىرىشسا سىلەرگىمۇ ياخشى، بولمىسا يەنە سىلەرمۇ خاتىرجەم ئۆتەلمەيسىلەر ئەمەسمۇ؟

ـ شۇنداق ئاداش بىز دائىم ئاكامغا دۇئا قىلىپ تۇرىمىز، ئانامنىڭ، دادامنىڭ دۇئاسىمۇ شۇ، تېخىمۇ تىرىشقىن، بەخت ئۈچۈن كۆرەش قىل! مانا بۇ بىزنىڭ ئۇنىڭغا چىن دىلىمىزدىن تىلەيدىغان تىلىكىمىز.

شۇنداق ئۇ تېخىمۇ تىرىشسۇن، كەلگۈسى ئۈچۈن كۆرەش قىلسۇن.